

پەننىي چۆچەكلەر

# قالتىس ئاتا بېلىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





پەننىي چۆچەكلەر

# قالتىس ئاتا بېلىق

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



**图书在版编目(CIP)数据**

了不起的鱼爸爸：维吾尔文/ 杨红樱著；艾合买提江译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.5
（科学童话系列）
ISBN 978-7-228-15496-8

Ⅰ.①了... Ⅱ.①杨... ②艾... Ⅲ.①童话 — 作品集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I287.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第098717号



| | |
|---|---|
| 译　　者 | 艾合买提江·依明 |
| 责任编辑 | 依明江·艾木都拉 |
| 责任校对 | 阿达来提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2012年5月第1版 |
| 印　　次 | 2012年5月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 25.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

غەۋۋاسچاق بىلەن پېرپال بېلىقى بوكا ........ 8
دېڭىز ئالۋاستىسىغا يولۇقۇش ........ 16
زومىگەر بېلىقنىڭ ئادەمخور لەھەڭ بىلەن ئېلىشىشى ........ 24
خىرۇستال ئوردىدىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش ........ 34
قالتىس ئاتا بېلىق ........ 42
دېڭىز ئادەمگىياھى بىلەن دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ پارچىلىنىش ھۈنىرى ........ 50
دېڭىز ئاستىدىكى تۈتەك پەردە جېڭى ........ 58
دېڭىز ئاستىدىكى پانۇس بايرىمى ........ 68
قارماقچى ........ 78
مارجان باغچىسى ........ 86
بېلىق دوختۇرخانىسى ........ 96
كىت جەمەتى ........ 104
دېلفىننىڭ كىت توپىنى قۇتقۇزۇشى ........ 114
قوش ماكانلىق بېلىق ........ 124
قوراللىق بېلىق ........ 132
غەلىتە بېلىق ........ 142
چىرايلىق قىلتاق ........ 152





## غەۋۋاسچاق بىلەن پېرپال بېلىقى بوكا

پېرپال بېلىقى بوكا تورغا چۈشۈپ قېلىپ پاراخوتقا ئېلىپ چىقىلغاندىن بېرى كۆڭلى زادىلا ئېچىلىپ باقمىدى. گەرچە، ئۇ تالاپەتكە ئۇچرىغان باشقا بېلىقلارغا ئوخشاش كونسېرۋا زاۋۇتىغا ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى ، قۇيرۇقىغا نىلون ئارغامچا مەھكەم باغلىنىپ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «بېلىقچى»غا ئايلىنىپ قالدى.

بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ غەش بولدى. لېكىن، ئۇ يەنە ئىشلىشى كېرەك. بوكا چوڭقۇر دېڭىزغا ئۈزۈپ بېرىپ ئوۋ ئىزدىمەكتە ئىدى.

بىر چوڭ ئاكۇلا ئۈزۈپ كەلدى، بوكا ئۇنىڭ

ئالدىغا باردى.

— تىنچلىقمۇ ! — ئاكۇلا بوكاغا تولىمۇ دوستانە سالام بەردى. گەرچە ئۇ ئەزەلدىن بىرەر بېلىقنى بوش قويۇۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن پېرىپال بېلىقغا ئەزەلدىن دوستانە ئىدى. ئۇلار پېرىپال بېلىقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تېنىگە چاپلىشىپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار بىللە بىللە ئۈزۈپ ئوينايتتى.

بوكا تېزدىن ئاكۇلانىڭ ئاستىغا كىرىپ، ئېلىلىپىس شەكىللىك سۈمۈرگۈچى تەخسىسىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا يېپىشتۇردى.

قىرغاقتىكى بېلىقچىلار بوكانى تارتىشقا باشلىدى. ئاكۇلامۇ ئىختىيارسىز قىرغاققا قاراپ ئۈزدى.

— پېرىپال بېلىقى، نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسەن؟ — ئاكۇلا ھۆركىرىدى، — مېنى قويۇۋەت، بولمىسا سېنى يەۋېتىمەن !





بوكا ئاكۇلانىڭ ئاستىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى يېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئاكۇلانىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ، بوكادىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما، بوكانىڭ بېشىدىكى تەخسىسى ئاكۇلانىڭ قورسىقىغا چاپلاشقاندىن كېيىن، ئىچىدىكى سۇ سىقىپ چىقىرىلىپ ۋاكۇئۇملاشتۇرۇلغاچقا، ئاكۇلاغا مەھكەم يېپىشىپ تۇراتتى، ئاكۇلانىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بېلىقچى بوكانى، بوكا ئاكۇلانى تارتىپ قىرغاققا چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئاكۇلا بېلىقچىنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندى.

بېلىقچى بوكاغا چىرىپ كەتكەن بېلىجانلاردىن ئازراق بەردى - دە، ئۇنى يەنە دېڭىزغا تاشلىدى.

بوكا تولىمۇ ئازابلاندى، ئۆزىنى ئاكۇلاغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى.

— ئۇ ماڭا شۇنداق دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىدىن پايدىلاندىم.

بوكا ھېچقاچان ئىلگىرىكى «ھەقسىز ساياھەت» قىلىدىغان رومانتىكىلىق تۇرمۇشىنى ھازىرقىدەك سېغىنىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاكۇلا، كىت، دېڭىز تاشپاقىلىرىنىڭ قورسىقىغا، پاراخوت، سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ ئاستىغا چاپلىشىۋېلىپ، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا دېڭىز - ئوكيانلارنى كېزىپ ساياھەت قىلاتتى. تىنچ ئوكيان بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيان ئارىسىدا، گاھى شىمالدا، گاھى جەنۇبتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. شۇڭىمۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپىيىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق دېڭىز - ئوكيان مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالغانىدى.

«بۇ ئۆلگۈر ئارغامچىدىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك» دەپ قەسەم



قىلدى بوكا ئىچىدە. ئۇ بىلىمچى ياخشى كۆرىدىغان چوڭ بىلىملارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان نىشان ئىزدەشكە باشلىدى.

بوكا مىجەزى ئوڭلۇق دېڭىز تاشپاقىسىغا يولۇقۇپ قېلىشنى، قويرۇقىدىكى ئارغامچىنى تاشپاقىنىڭ چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشىنى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە جاھان كېزىشنى ئويلىدى.

— كەلدى ! — ئەپسۇس ئۈزۈپ كەلگىنى دېڭىز تاشپاقىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان غەلىتە مەخلۇق ئىدى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان يۇمىلاق بېشى، ئېگىز بۇرنى بار ئىدى. دۈمبىسىگە بىر ساندۇق يۇدۇۋالغان، پۇتىغا ئۇزۇن ھەم چوڭ پالاق تىكىۋالغانىدى.

بوكا ئۇنىڭدىن قورقمىدى، ئەكسىچە قىزىقسىنىپ ئۇنىڭ

ئالدىغا باردى.

— ھەي ! ياخشىمۇ سەن !

— ھەي ! ياخشىمۇ سەن ! — ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق نو ـ ـر دوستانە ئىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا بۇرنىدىن نۇرغۇں كۆپۈكچىلەر چىقاتتى.

بوكا ئۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ يېنىغا ئوروپ باردى

— ئىسمىڭ نېمە؟ سېنى بۇرۇن دېڭىزدا كۆرە باقماپتىكەنمەنغۇ؟

— ھەئە. سە ۋە ـ مېنى تونۇمايسە ـ . — ھېلىقى مەخلۇق. — چونكى بۇ مېنىڭ تۇنجى قېـ ئۆزۈم يالغۇز دېڭىزغا چۈشۈشۈم، ئىسمىمغا كەلسەك كىشىلەر مېنى غەۋۋاسچاق دېيىشىدۇ.

— غەۋۋاسچاق؟ — بوكا چۈشىنەلمەي سورىدى، — ئۇنداقتا سەن ئادەممۇ نېمە؟

— مەن ئادەم، ئون ئىككى ياشلىق ئوغۇل بالا. مەں





دېڭىز ـ ئوكيان مەستانىسى بولغاچقا، يوقىرى تېخنىكىلىق غەۋۋاسلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلدىم، شۇڭا كىشىلەر مېنى غەۋۋاسچاق دەپ ئاتىشىدۇ. خاتالاشمىسام، سەن پېرىپال بېلىقىغۇ دەيمەن؟

بوكا ھەيران قالدى. تېخى ئۇنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

— توغرا، مەن پېرىپال بېلىقى، ئىسمىم بوكا، سەن مېنىڭ پېرىپال بېلىقى ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىسەن؟

— بېشىڭدىكى ئاۋۇ تەخسەڭ ئېيتىپ بەردى. مەن تېخى سېنىڭ دېڭىزدىكى داڭلىق «پۇل تۆلىمەيدىغان ساياھەتچى» ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، بۈگۈن قانداق قىلىپ ...

— بولدى، دېمەيلا قوي! — بوكا مەيۈسلىنىپ غەۋۋاسچاقنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالساڭ بولاتتى!

— سېنى قۇتقۇزامدىم؟ — غەۋۋاسچاق ھەيران قالدى، — ئەجەبا سەن بىرەر خەتەرگە يولۇقتۇڭمۇ؟

بوكا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى غەۋۋاسچاققا سۆزلەپ بەردى. غەۋۋاسچاق شۇ ھامان پىچىقىنى چىقىرىپ بوكانىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇلغان ئارغامچىنى كېسىپ تاشلىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بوكا، سەن ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭ!

— بەك ياخشى بولدى! — پېرىپال بېلىقى بوكا خۇشاللىقتىن قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ كەتتى، — ئەمدى بىزەڭ «قارماقچى» بولمايدىغان، يەنە ھەقسىز ساياھەت قىلالايدىغان بولدۇم.

— بوكا، — غەۋۋاسچاق ئۆتۈندى، — ماڭا ھەمراھ بولساڭ بوپتىكەن.

ئەقىللىق بوكا غەۋۋاسچاقنىڭ ئۆزىنى ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلىشىدىكى مەقسىتىنى شۇئان چۈشەندى ۋە قىلچە تەكەللۇپ قىلمايلا:

— ئەگەر دېڭىز - ئوكيانغا دائىم بىلىملەرنى ئۆگەنمەكچى، دېڭىز - ئوكياندىكى تۈرلۈك جانلىقلار بىلەن ئۇچراشماقچى بولساڭ، مېنى ئىزدەپ بەك توغرا قىلدىڭ. بۇ ئىشتا مېنىڭدىنمۇ ياخشىراق نامزات يوق، — دېدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا يېنىككىنە قۇچاقلاشتى، بوكا غەۋۋاسچاقنىڭ قورسىقىغا يېپىشتى، ئۇلار شادىيانە ساياھەتنى باشلىدى.



# دېڭىز ئالۋاستىسىغا يولۇقۇش

قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن پېرىپال بېلىقى بوكا ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئۇ غەۋۋاسچاقتىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى، غەۋۋاسچاقنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرىغا ئېرىنمەي جاۋاب بېرەتتى.

— بوكا، — غەۋۋاسچاق كاللىسىغا كەچكەن بىر سوئالنى سورىدى، — بېلىق تۇرلىرى ئىچىدە سېنىڭ بېشىڭدىكى تەخسەڭنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى ئەڭ كۈچلۈك، شۇنداقتۇ؟

— بېلىق تۇرلىرى ئىچىدە شۇنداقتۇ، ئەمما سەككىز ئاياغنىڭ مېنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك.

— ئەجەبا سەككىز ئاياغ بېلىق ئەمەسمۇ؟

— توغرا، سەككىز ئاياغ بېلىق ئەمەس. ئۇ دېڭىز - ئوكياندىكى يۇمشاق تەنلىك ھايۋان، — دېدى بوكا، — بىز دېڭىزغا يەنىمۇ چوڭقۇرراق شۇڭغۇساق دېڭىزدىكى بۇ بەتبەشىرە مەخلۇقنى كۆرەلەيمىز.

غەۋۋاسچاق پۇتىدىكى پالاقنى ئوينىتىپ دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇشقا باشلىدى.

بىر ئۆڭكۈردە 40 كىلوگىرام كېلىدىغان چوڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەككىز ئاياغ تۇراتتى. ئۇلار ئۆڭكۈرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

سەككىز ئاياغنىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ ئىدى، بېشىدا پولتىيىپ چىققان بىر جۈپ كۆزى، ئېغىزى ئەتراپىدا سەككىز دانە سەزگۈ پۇتى بار ئىدى.

— سەككىز ئاياغنىڭ سەزگۈ پۇتىغا ئوبدان قارا، — دېدى پېرپال بېلىقى بوكا پەس ئاۋازدا، — ھەربىر سەزگۈ پۇتىدا نەچچە يۈزلىگەن شورىغۇچى تەخسىسى بار. ئادەتتە بىر سەككىز ئاياغنىڭ نەچچە مىڭ شورىغۇچى تەخسىسى بولىدۇ، سەككىز دانە ئۇزۇن سەزگۈ پۇتىنىڭ قانچىلىك شوراش كۈچى بولىدۇ، ئويلاپ باق! كەم دېگەندىمۇ ئىككى يۈز كىلوگىرامچە بولىدۇ.

بۇ سەككىز ئاياغ ھازىر ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇزۇن سەزگۈ پۇتلىرى ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەنىدى، بىراق ئىككى سەزگۈ پۇتى سۇدا ئەركىن تەۋرىنىپ تۇراتتى.

غەۋۋاسچاق سەككىز ئاياغنىڭ ئاغزىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ بېشىنى ئۆڭكۈرگە تىقىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە سەككىز ئاياغنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان سەزگۈ پۇتىغا تېگىپ كەتتى. سەككىز ئاياغ ئويغىنىپ كېتىپ



قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇق قويۇپ بەردى. دېڭىز سۈيى بىردەمدىلا قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى.

بىرھازادىن كېيىن قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ دېڭىز سۈيى سۈزۈلدى. غەۋۋاسچاق ئۆڭكۈر يېنىغا ئۈزۈپ بارغاندا سەككىز ئاياغ كۆرۈنمەيتتى.

ــ ئۇ جەزمەن مۆكۈنۇۋالدى، ــ دېدى بوكا، ــ سەككىز ئاياغ ئىنتايىن سەزگۈر. ئۇ ئۇخلىغاندا ھېلىقى تەۋرىنىپ تۇرىدىغان سەزگۈ يۇتلىرى ئۇنىڭغا «قاراۋۇللۇق» قىلىدۇ.

غەۋۋاسچاقنىڭ سەككىز ئاياغنىڭ ئاغزىنى ئېنىق كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇنى يەنە ئىزدىمەكچى بولدى. لېكىن، بوكا ئۇنى ئالدىرىتىپ:



— بىز دەرھال بۇ يەردىن كېتەيلى، سەككىز ئاياغ تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالمايلى، — دېدى.

غەۋۋاسچاق كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، توساتتىن پۇتىغا بىر نەرسىنىڭ يۆگىشىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

غەۋۋاسچاق پۇتىنى بىرقانچە قېتىم سىلكىپ، پۇتىغا يۆگىشىۋالغان نەرسىدىن بوشانماقچى بولدى، ئەمما ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. مەھكەم يۆگىشىۋالغان ئۇ نەرسە غەۋۋاسچاقنى ئۆڭكۈرگە تارتىپ كېتىۋاتاتتى.

— چاتاق بولدى، سەككىز ئاياغ سېنى تۇتۇۋاپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى بوكا.

غەۋۋاسچاق سەككىز ئاياغنىڭ ئۆزىنى ئۆڭكۈرگە تارتىپ ئەكىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، پۇتى بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ دىۋارىنى تىرەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ قولى بىلەن پۇتلىرىغا يېپىشىۋالغان سەككىز ئاياغنىڭ سەزگۈ پۇتلىرىنى ئاجراتماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن شورىغۇچى تەخسە بولغاچقا، ئەمدىلا ئاجرىتىشىغا يەنە يېپىشىۋالاتتى،



ئۆنىڭ ئۈستىگە سەككىز ئاياغ يەنە بىر سەزگۈ پۆتى بىلەن ئۆنىڭ بېلىدىن يۆگىۋالغانىدى.

— ئازراق بەرداشلىق بەرگىن، مەن كېلىپ سېنى قۇتۇلدۇرىمەن. بوكا شۇنداق دەپلا ئۈزۈپ كەتتى.

— بوكانى ساقلىسام بولمايدۇ، — غەۋۋاسچاق بىر قولى بىلەن ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى مارجان تاشنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن پىچىقىنى چىقىرىپ پۇتىغا يۆگىشىۋالغان سەككىز ئاياغنىڭ سەزگۈ پۆتىنى كېسىپ تاشلىماقچى بولدى.

سەككىز ئاياغنىڭ پۆتى رېزىنكىدەك ئەۋرىشىم ئىدى، ئەمما ئۆتكۈر پىچاق ئاخىر ئۇنى ئاز - ئازدىن كېسىپ تاشلىدى.

غەۋۋاسچاق، سەككىز ئاياغنىڭ پۆتىنى كېسىۋەتسەم ئاغرىققا چىدىماي ھوشىدىن كېتىدۇ، ئاندىن بېلىمگە يۆگىشىۋالغان پۆتىنى كېسىۋەتسەملا خەتەردىن قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلىدى.

غەۋۋاسچاق بېلىگە يۆگىشىۋالغان پۆتنى كېسىۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، بەدىنىنىڭ چىڭ كىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا سەككىز ئاياغ توم ھەم ئۇزۇن پۆتىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئويىنىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېنى ھەسەن - ھۈسەندەك قېنىق رەڭگە كىرگەنىدى. بوكا ئۇنىڭغا بۇنىڭ سەككىز ئاياغنىڭ دەرغەزەپكە كەلگەندىكى ھالىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.





غەۋۋاسچاق ۋارقىراشقا ئۈلگۈرمەيلا سەككىز ئاياغنىڭ بوغما يىلاندەك پۇتلىرى ئۇنىڭ بويۇن، مۈرە، پۇت ـ قوللىرىنى چىرمىۋالدى، يەنە كېلىپ بارغانسېرى چىڭ چىرماپ ئۇنى نەپەس ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

سەككىز ئاياغنىڭ بىر قانچە پۇتى غەۋۋاسچاقنى ئۇنىڭ ئاغزى تەرەپكە تارتتى. شۇ چاغدا غەۋۋاسچاق سەككىز ئاياغنىڭ ئاغزىنى ئېنىق كۆرەلىدى. ئۇنىڭ شەكلى شاتۇتىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ قالاتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن بەكلا چوڭ ئىدى. بۇ ئېغىز چوڭ بىر تال بېلىقنى پۈتۈنلا يۇتۇۋېتەلەيتتى، چوڭ بىر قىسقۇچپاقىنى بىرلا چىشلەپ پارچىلىۋېتەلەيتتى. ئۇنداقتا غەۋۋاسچاق نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟



غەۋۋاسچاق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ، سەككىز ئاياغنىڭ ئۆزىنى يېۋېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ چاغدا ئۇ سەككىز ئاياغنىڭ خۇددى ئادەمدەك ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە بېلىدىن بوغۇۋالغان نەرسىنىڭ ئاستا - ئاستا بوشاۋاتقانلىقىنى سەزدى. غەۋۋاسچاق كۆزىنى ئېچىپ سەككىز ئاياغنىڭ خۇددى يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ، دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— غەۋۋاسچاق، شەمشەر بېلىق سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى!

ئەسلىدە بوكا ياردەمچى قوشۇن باشلاپ كەلگەندى.

بۇ شەمشەر بېلىقنىڭ بەدىنى سۈيۈر شەكىللىك، ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 3 - 4 مېتىرچە كېلەتتى، ئۈستۈنكى جاۋغىيى تەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كەلگۈدەك ھالەتتە ئالدىغا بۇرتۇپ چىققانىدى، سۆڭكى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى، گويا بىر ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشايتتى، شۇڭمۇ شەمشەر بېلىق دەپ ئاتالغانىدى.

بوكا شەمشەر بېلىقنىڭ «شەمشىرى»نى سەككىز ئاياغنىڭ بېشىغا سانجىپ، غەۋۋاسچاقنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

سەككىز ئاياغدەك بۇ ۋەھشىي غەلىتە مەخلۇقنى ئويلىغىنىدا غەۋۋاسچاقنى قورقۇنچ باستى.

— راستىلا گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىم - دە!

— سەككىز ئاياغنى رەھىمسىز دەپ قالما، ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىغا تولىمۇ مېھرىبان، — دېدى بوكا.

— شۇنداقمۇ؟ — غەۋۋاسچاق سەككىز ئاياغدەك ياۋۇز مەخلۇقنىڭمۇ كۆيۈمچان بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

— چىشى سەككىز ئاياغ تۇخۇم تۇغقاندا، تۇخۇملىرىنى بىر تىزىق

www.uyghurkitap.com

مارجانغا ئوخشاش بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ئۆڭكۈرگە ئېسىپ قويىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەربىر تىزىقتا تەخمىنەن مىڭدىن كۆپرەك تۇخۇم بولىدۇ. تۇخۇم تۇغقاندا، چىشى سەككىزئاياغ ئاغزىغا گىياھمۇ سالماي، تۇخۇملىرىنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي پوستتا تۇرىدۇ. پۇتلىرى بىلەن تۇخۇملىرىغا سۇ چېچىپ، ئۇلارنى يېتەرلىك ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ. سەككىزئاياغ باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندا چىشى سەككىزئاياغ ئېچىرقاپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولىدۇ، — دېدى بوكا چۈشەندۈرۈپ.

غەۋۋاسچاق سەككىزئاياغ بىلەن بولغان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇنداق تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.





## زومگەر بېلىقنىڭ ئادەمخور لەھەڭ بىلەن ئېلىشىشى

شەمشەر بېلىق دېڭىزدا غەۋۋاسچاقدەك مۇنداق غەلىتە مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ سەپسالدى. غەۋۋاسچاقمۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇستۇنكى جاۋغىيىغا، يەنى ئۆتكۈر شەمشىرىگە بەكلا قىزىقىپ قالغانىدى.

غەۋۋاسچاق ئۇنىڭ مۇستەھكەم «شەمشىرى»نى ئاۋايلاپقىنا سىلاپ باقتى.

— شەمشەر بېلىق مۇشۇ ئۆتكۈر شەمشىرى بولغاچقىلا زومگەر بولالىغان، — دېدى بوكا.

— ياق، خاتالاشتىڭ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى شەمشەر بېلىق، — مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئالاھىدە ئۇچلۇق تۇمشۇقۇمنى قورال قىلىپ ئىشلىتەلىگەنلىكىمدە ئەمەس، بەلكى



ئۇنىڭ بىلەن سۇ ئۈزۈش سۈرئىتىمنى تېزلىتەلىگەنلىكىمدە.

— سۇ ئۈزۈش سۈرئىتى؟ — بوكا بۇنى ئويلاپ باقمىغانىدى. غەۋۋاسچاق شەمشەر بېلىقنىڭ «ئۆتكۈر شەمشىرى» بىلەن سۇ ئۈزۈشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلمەيتتى.

— بۇ ئۇچلۇق تۇمشۇقۇم سۇيۇر شەكىللىك، شۇڭا ئۈزگەندە ئۇ سۇنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. نېمىنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئەڭ تېز ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

— يادىن ئېتىلغان ئوقنىڭ، — تالىشىپ جاۋاب بەردى غەۋۋاسچاق.

— ها ـ ها ـ ها، مېنىڭ سۇ ئۈزۈش سۈرئىتىم يادىن ئېتىلغان ئوقنىڭ سۈرئىتىدىن تېز، ئەڭ تېز بولغاندا سائەتلىك سۈرئىتىم يۈز كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

— ۋاھ، تېز سۈرئەتلىك كاتېرغا يېتىشۋالغۇدەك، — دېدى غەۋۋاسچاق ھەيرانلىق بىلەن، — ھە ئېسىمگە كەلدى، ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان زامانىۋى كۈرەشچى ئايروپىلاننىڭ باش قىسمىغىمۇ «ئۈزۈن شەمشەر» ئورنىتىلغان، ئايروپىلان لايىھەلىگۈچىلەر شەمشەر بېلىقتىن ئىلھام ئالغانمۇ قانداق؟

شەمشەر بېلىق تۇيۇقسىزلا ئۈزۈپ كېتىپ قالدى.

— ئۇ ... — غەۋۋاسچاق ھەيران قالدى.

— ھە، بىر توپ بېلىق كەپتۇ، — دېدى بوكا، — شەمشەر بېلىقنىڭ قانداق غىزالىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقامسەن؟

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا شەمشەر بېلىقنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار شەمشەر بېلىققا يېتىشكەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يارىلانغان



بېلىقلار لەيلەپ تۇراتتى.
— بۇلارنى شەمشەر بېلىق يارىلاندۇرغان، — دېدى بوكا.
غەۋۋاسچاق شەمشەر بېلىقنىڭ بۇنداق تەلۋىلىكىنى چۈشىنەلمىدى.
— ئۇ نېمىشقا بېلىقلارنى يارىلاندۇرىدۇ؟
— يارىلانغان بېلىقلار قېچىپ كېتەلمەيدۇ، شەمشەر بېلىق ئۇلارنى ئالدىرىماي يەيدۇ.
بىراق، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بېلىقلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئازىيىپ كەتتى. شەمشەر بېلىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:
— بېلىقلىرىم قېنى؟ بېلىقلىرىم؟
زومىگەرنىڭ لوقمىسىغا كىممۇ چاڭ سالالىسۇن؟
— بېلىقچى كېمىسىگە ئۇچراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى بوكا.
شەمشەر بېلىق خۇددى ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقىدەك دېڭىز يۈزىگە قاراپ ئېتىلدى.
كۆچلۈك سادادىن كېيىن شەمشەر بېلىق ھېچ ئىش بولمىغاندەك دېڭىز ئاستىغا قايتىپ كەلدى.
— بايىقى نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سورىدى غەۋۋاسچاق.

www.uyghurkitap.com



— بېلىقچى كېمىسىنى تېپىشتۇق، — دېدى شەمشەر بېلىق ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، گويا بىر تال بېلىجاننى يېگەندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە.

— تېپىشتۇق؟ — غەۋۋاسچاق چۆچۈپ كەتتى، — ئۇنداقتا بېلىقچى كېمىسى جەزمەن چۆكۈپ كېتىدۇ.

هايال ئۆتمەي بېلىقچى كېمىسى چۆكۈپ، قۇتقۇزۇش كېمىسى كىيىۋالغان بىرقانچە بېلىقچى دېڭىزدا پېتىراشقا باشلىدى.

— چاتاق بولدى، ئاكۇلا كەلدى!

سۇدا يوغان بىر سايە سىلجىۋاتاتتى. ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىرچە كېلىدىغان ئاقۇچ ئاكۇلا

يوغان ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇزۇپ كەلدى، ھەرە چىشىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
بېلىقچىلار ئاكۇلانىڭ ئادەم يەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، قورققىنىدىن ئۇلارنىڭ تېنى بوشىشىپ كەتتى.
— قورقماڭلار، — دېدى بوكا، — بۇ يەردە شەمشەر بېلىق بار !
جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان شەمشەر بېلىق گويا قۇۋۋەتتە ئاشۇرۇلغان كاتېردەك ئاكۇلاغا يان تەرەپتىن ئېتىلدى.
بۇ چاغدا ئاكۇلامۇ ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇرچۇقسىمان تېنى تومپىيىپ، كۆكرەك پالاقچىسى يىغىلىپ، «S» شەكىللىك ئۇزۇش ھالىتىگە ئۆتكەنىدى، يۇقىرىغا ئۇرۇلگەن كۆزلىرىنى قوغداش پەردىسى توسۇۋالغاچقا، شەمشەر بېلىقنىڭ يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدى.
ئاكۇلا ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، نېرۋا ئۇچلىرى قوبۇل قىلغان ئاجىز ئېلېكتىر مەيدانىغا تايىنىپ، بېلىقچىلارنى قىستاپ كەلدى. ئۇ شەمشەر بېلىقنىڭ قورسىقىنى تېشىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.
ئاكۇلا نەرە تارتىپ، شىددەتلىك يۇلقۇنۇپ، غايەت زور دولقۇن پەيدا قىلدى. شەمشەر بېلىق «ئۆتكۈر شەمشىرى»نى تارتىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا



www.uyghurkitap.com



ئاكولا بىلەن بىللە گاھ ئۆرلەپ، گاھ تۆۋەنلىدى.

ئاكولا شەمشەر بېلىقتىن جان ـ جەھلى بىلەن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى. گەرچە ئۇ شەمشەر بېلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قورسىقى يوغان يېرىۋېتىلگەچكە، ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا ئاكولانىڭ ئىسكىلاتتەك قورسىقىدىن بېلىق، دېڭىز يىلپىزى، دېڭىز تاشپاقىسى، كىت پارچىسى، ئادەم سۆڭىكى، ھەتتا يەنە ئاياغ، بوتۇلكا، كوكۇس ياڭىقى شاكىلى، كونسېرۋا قۇتىسى، كۆمۈر پارچىسى قاتارلىق خىلمۇخىل نەرسىلەرنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ۋاي خۇدايىمەي ! — دېدى غەۋۋاسچاق ھەيران بولۇپ، — ئاكولانىڭ قورسىقى ئەخلەت ساندۇقىغىلا ئوخشايدىكەنغۇ.

دېڭىز سۈيى بەكلا بۇلغىنىپ كەتتى، غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلدى.

— ئاكولا بەكلا ئاچ كۆز، ئۇ ھەتتا دېڭىزغا تاشلىۋېتىلگەن

ئەخلەتلەرنىمۇ يەيدۇ، — دېدى بوكا، — بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن، بىر ماتروس ھەربىي پاراخوتتىن بىر دانە مۇددەتلىك بومبىنى ئۈچ مىنۇتقا توغرىلاپ دېڭىزغا تاشلىغانىكەن، بۇ چاغدا بىر ئاكۇلا كېلىپ، بومبىنى يۇتۇۋېلىپ چوڭقۇر دېڭىزغا قاراپ ئۈزگەن. ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن، غايەت زور بىر سادا بىلەن بومبا پارتلاپ، ئاچ كۆز ئاكۇلا پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن.

— بومبىنىمۇ يېسە، راستىلا جىنىدىن تويغان ئاچ كۆز نېمىكەن ئۇ، — دېدى غەۋۋاسچاق.

— غەۋۋاسچاق، قارا!

— ۋاھ، نېمىدېگەن چوڭ، كىتما؟

— كىت ئەمەس، كىتسىمان لەھەڭ، — دېدى بوكا، — بېلىقنىڭ 25 مىڭدىن كۆپرەك تۈرى بار، كىتسىمان لەھەڭ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بېلىق، لەھەڭنىڭ بىر تۈرى.

لەھەڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غەۋۋاسچاق ئاكۇلانى يادىغا ئالدى ۋە سەل قورقتى:

— ئۇ ئادەم يەمدۇ؟

— ياق، كىتسىمان لەھەڭ مۇلايىم كېلىدۇ، — دېدى بوكا، —



www.uyghurkitap.com

ھەممىلا ئاكۇلانى ۋەھشىي دەپ قارىساق بولمايدۇ. ئۈچ يۈز خىلدىن كۆپرەك ئاكۇلانىڭ ئىچىدە پەقەت 12 خىلىلا ئادەم يەيدۇ. ئالايلۇق، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كىتسىمان لەھەڭ ئادەمگە تولىمۇ دوستانە، ئەگەر خالىساڭ ئۇنىڭغا مىنىۋالساڭ بولىدۇ.

— راستىما؟ — غەۋۋاسچاقنىڭ كىتسىمان لەھەڭنى ھازىرلا مىنگۈسى كېلىپ كەتتى، ئۇ قىلچە قورقماستىن كىتسىمان لەھەڭگە قاراپ ئۈزدى.

بۇ كىتسىمان لەھەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە مېتىر كېلەتتى، بوكا كىتسىمان لەھەڭنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ 20 مېتىردىن ئاشىدىغانلىقىنى، ئېغىرلىقىنىڭ 20 توننىچە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. كىتسىمان لەھەڭنىڭ تەقى - تۇرقى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، نۇرغۇن يەرلىرى باشقا لەھەڭلەردىن پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ بېشى چوڭ ۋە ياپىلاق، تېنى يوغان، ئىككى بىقىنى كۆكۈچ بېغىر رەڭلىك، دۈمبىسىدە نۇرغۇنلىغان ئاق رەڭلىك تەڭگىچىلەر بار ئىدى، تېنىنىڭ يان تەرىپىدە بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە سوزۇلغان ئاق رەڭلىك سىزىقچىلار بار ئىدى. كۆزى كىچىك، بۇرۇن تۆشۈكى چوڭ ئىدى. يوغان ئاغزى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولۇپ، چوڭلۇقى بەدىنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك كېلەتتى. ئېھتىمال راك،



قىسقۇچپاقا ۋە قۇلۇلە تۇرىدىكىلەرنى پارچىلاشقا ئىشلەتسە كېرەك، چىشلىرى رەتلىك، ئۇششاق ۋە كۆپ ئىدى.

— ھەي! — غەۋۋاسچاق كىتسىمان لەھەڭگە سالام بېرىپ، ئۇنىڭ دۇمبىسىگە چىقىۋالدى.

— دوستۇم، دېڭىز يۇزىگە چىقىپ ئاپتاپسىنىشنى خالامسەن؟ — سورىدى كىتسىمان لەھەڭ ئاغزىدىكى سۇنى



پۈركۈگەچ ، ناھايىتى دوستانە ھالدا .
— بەك ياخشى بولدى ! — دېدى غەۋۋاسچاق كىتسىمان لەھەڭنى يېنىك شاپىلاقلاپ، — دېگىنىڭدەك بولسۇن !
گويا سۇ ئاستى كېمىسى لەيلەپ چىققاندەك ، كىتسىمان لەھەڭ غايەت زور دۈمبە پالاقچىسى ۋە ھىلال ئايسىمان قۇيرۇق پالاقچىسىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ، لەيلەپ تۇردى.
قۇياش نۇرىنى دېڭىز يۈزىگە سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى.
غەۋۋاسچاق كىتسىمان لەھەڭنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرۇپ، بېشىدىكى ئوكسىگېن قالپىقىنى ئالدى، ئىللىق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ بەدىنىدە جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى راھەتلەندى، يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى، دېڭىز يۈزىدە بىرقانچە قىزىل توچكىلار لەيلەپ يۈرەتتى. غەۋۋاسچاق ئۇلارنىڭ چۆكۈپ كەتكەن كېمىدىكى بېلىقچىلار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇلار قۇتقۇزۇش كېمىسى كېيىۋالغانىدى.
— ھەي، دوستۇم ! — دېدى غەۋۋاسچاق كىتسىمان لەھەڭگە، — ئاۋۇ بېلىقچىلار سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجدەك قىلىدۇ.
كىتسىمان لەھەڭ بېلىقچىلارغا قاراپ ئۈزدى.
— تېز چىقىڭلار ! — ۋارقىرىدى غەۋۋاسچاق.
بېلىقچىلارنىڭ سۇدا تۇرغىنىغا خېلى بولغانىدى، شۇڭمۇ جېنى ئارانلا قالغانىدى. غەۋۋاسچاقنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئۇلارغا ئۈمىد ئاتا قىلدى. ئۇلار غەۋۋاسچاقنىڭ ياردىمىدە كىتسىمان لەھەڭنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋېلىشتى.
بېلىقچىلار كىتسىمان لەھەڭنىڭ دۈمبىسىدە ئاپتاپسىنغاچ يېتىپ، قۇتقۇزۇش كېمىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

# خىرۇستال ئوردىدىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش

مەيىن شامال، ئىللىق ئاپتاپتا دېڭىز سۈيى خۇددى قېتىپ قالغان يېشىل ياقۇتتەك تىپتىنچ كۆرۈنەتتى. قۇياش نۇرى زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك دېڭىز سۈيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۇ ئاستىنى يورۇتۇپ، رەڭگارەڭ گۈزەل دۇنيا ھاسىل قىلغانىدى.

— بوكا، بىز خىرۇستال ئوردىدىمۇ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق. ئۇ خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي سۇدا چۆرگىلەپ ئوينىدى.

بىر خادا تاش ئۈستىدىكى سۆسۈن، سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك شاخ - يوپۇرماقلار خۇددى پەرىزاتنىڭ قولىدىكى رەڭلىك لېنتىلاردەك تولىمۇ رەڭدار ئىدى. ئۇلار يېنىك دولقۇندا لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك



يېنىك تەۋرىنىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

— دېڭىزدىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەر بولىدىكەن ـ ھە !

— ئۇلار ئۆسۈملۈك ئەمەس، دېڭىزدىكى تىكەن تېرىلىك ھايۋانلار، — دېدى بوكا غەۋۋاسچاققا، — ئۇلارنىڭ شەكلى قىرىققۇلاققا ئوخشىغاچقا دېڭىز قىرىققۇلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

— ئۇلار خادا تاشتا ئۆسۈپتىغۇ؟ قانداقسىغا ئۆسۈملۈك بولمىسۇن؟ — غەۋۋاسچاق بېرىپ دېڭىز قىرىققۇلىقىدىن بىرنى تۇتۇپ بىر تارتىۋىدى، دېگەندەك يىلتىزى يوق بولۇپ چىقتى.

— دېڭىز قىرىققۇلىقى خادا تاشقا يېپىشىۋالىدۇ، — دېدى بوكا،



— ئادەتتە ئۇنىڭ ئون قولى بولىدۇ. قوللىرى يۇمشاق، ئەمما كۈچلۈك كېلىدۇ. يۇقىرى - تۆۋەن، ئوڭ - سولغا ئەركىن ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. ئۇ شۇ قوللىرىغا تايىنىپ دېڭىزدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ. مۇۋاپىق ئورۇن تاپقاندا خادا تاش ياكى دېڭىز يۇسۇنىنى تۇتۇۋېلىپ ۋاقىتلىق ماكانلىشىدۇ.

بۇ غەلىتە دېڭىز ھايۋىنى غەۋۋاسچاقنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

— بوكا، دېڭىز قىرىققۇلىقى نېمە يەيدۇ؟

— دېڭىز قىرىققۇلىقىنىڭ قولىدا تىۋىتلىق ئېرىقچە بار، ئۇنىڭدىن بىر خىل يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ، دېڭىزدىكى ئۇششاق لەيلىمە جانلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



www.uyghurkitap.com



غەۋۋاسچاق «خرۇستال ئوردا» دا ئۇيان - بۇيان ئۇزۇپ، ئاز ئۇچرايدىغان تۇرلۇك غەلىتە نەرسىلەرنى تاماشا قىلدى.

غەۋۋاسچاق خادا تاشتىكى پىدىگەنگە ئوخشايدىغان نەرسىنى كۆرسىتىپ بوكادىن سورىدى:

— بۇ دېڭىزدىكى پىدىگەنمۇ؟

— ئۇمۇ بىر خىل هايۋان، ئىسمى دېڭىز غىلاپى.

دېڭىز غىلاپى خۇددى گۇلگە، چەينەككە ئوخشايتتى، ئۇلارنىڭ هايۋانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بوكا غەۋۋاسچاقنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا:

— ئىشەنمەمسەن؟ ئۇنداقتا ئۇلارنى قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ باق، — دېدى.

غەۋۋاسچاق چەينەككە ئوخشايدىغان غىلاپنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، چەينەكنىڭ جوغىسىغا ئوخشايدىغان سۇ چىقىرىش تۆشۈكىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، ئەسلىدىكى تىك تۇرغان تېنى بىردىنلا بوشاپ كەتتى.

— دەرۋەقە هايۋان ئىكەن، — دېدى غەۋۋاسچاق قايىل بولغان هالدا.

— ئۇنىڭ ژابراسى، ئۇچەيى، كۆپىيىش ئەزاسى، سۇ كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئېغىزى ۋە مەقعەتى بار. تېنىنىڭ سىرتىدا غىلاپقا ئوخشايدىغان بىر قەۋەت تېرىسى بار، تېنىنى قوغدايدۇ ۋە مەلۇم



شەكىلدە ساقلايدۇ، شۇڭا دېڭىز غىلاپى دەپ ئاتالغان.

دېڭىز غىلاپىنىڭ ئەتراپىدا قومچاقتا ئوخشايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى، بوكا ئۇلارنىڭ دېڭىز غىلاپىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

غەۋۋاسچاق سىنچىلاپ قاراپ، دېڭىز غىلاپى بالىلىرىنىڭ بېشى، كۆزى بارلىقىنى، قۇيرۇقىنىڭمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆردى. ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال ئۇزۇن ئومۇرتقىسى ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى! ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇلارنى شەكلى پىدىگەنگە، گۆلگە، چەينەككە ئوخشايدىغان يېتىلگەن دېڭىز غىلاپى بىلەن باغلىيالمىدى.

— بىر ئاز كۆزىتىپ باق، — دېدى بوكا، — بىرقانچە سائەتتىن كېيىن دېڭىز غىلاپى بالىلىرىنىڭ بەدىنىنىڭ ئالدى قىسمى ئۈزىراپ چىقىپ، باشقا شەيئىلەرگە يېپىشىدۇ، تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىمۇ ئۆزگىرىپ ئومۇرتقىسى يوقايدۇ، باشقا مۇھىم ئەزالىرىمۇ قىسقىرايدۇ.

— توۋا، ما ئىشنى كۆرۈڭ، ھايۋانلار ئادەتتە ئادديلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلاتتى، ھالبۇكى دېڭىز غىلاپى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەن. بۇنداق ھادىسىنى نېمە دەيتۇق؟ — غەۋۋاسچاق بۇنى چۈشەندۈرۈشكە دەماللىققا مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدى.

— تەتۈر ھالەت ئۆزگىرىشى دەيمىز.

— قالتىسكەنسەن بوكا، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭ، مېنىڭ دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرى مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالما.

— مۇتەخەسسىس ئەپەندى، مېنىڭ يەنە بىر سوئالىم بار ئىدى.

— قېنى سورا، مەن تەييار.

— بۇلۇت ھايۋانمۇ، ئۆسۈملۈكمۇ؟ — گەرچە بۇلۇت كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرىسىمۇ، لېكىن غەۋۋاسچاق ئۇنىڭ زادى قايسى تۈرگە تەۋەلىكىنى ئېنىق بىلمەيتتى.

— بۇلۇتمۇ بىر خىل ھايۋان، — بوكا





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەۋۋاسچاقنى بولۇت بار يەرگە ئەكەلدى، — مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا، سەن ئاۋۋال بۇ بولۇتلارنى كۆرۈپ باق.

بۇ يەردىكى بولۇتلارنىڭ رەڭگى ۋە شەكلى خىلمۇخىل ئىدى. قىزىل، سېرىق، سۆسۈن رەڭلىكلىرى، ئۇچبۇلۇڭ، چاسا، سىلىندىر شەكىلدىكىلىرى بار ئىدى، ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

— بولۇت دېگىز - ئوكياندىكى كۆپ تۆشۈكلۈك هايۋان، هەربىر تۆشۈكى بىر «ئېغىز». تېنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى بىر تۆشۈكچە ئۇنىڭ «سۇ چىقىرىش ئېغىزى». بولۇت ئۈزەلمەيدۇ، خۇددى ئۆسۈملۈكتەك جايىدىن يۆتكەلمەيدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ قانداق ئوزۇقلىنىدۇ؟

— بولۇت تېنىدىكى قامچە تۈكلىرىنى توختىماي تەۋرىتىپ، يېمەكلىك بار دېڭىز سۈيىنى سۇ كىرىش ئېغىزىدىن بەدىنىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى يېمەكلىكنى هەزىم قىلىشتىن ئۆتكۈزىدۇ. قالدۇقلارنى سۇ چىقىرىش ئېغىزىدىن تېنىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئېگىزلىكى ئون سانتىمېتىر، دىيامېتىرى بىر

سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇلۇت بىر كۈندە 20 كىلوگىرام دېڭىز سۈيىنى سۈزەلەيدۇ. بۇ سۇ بۇلۇتنىڭ تېنىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئۇنى يېمەكلىك ۋە ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

غەۋۋاسچاق بىر بۇلۇتنى قولىغا ئېلىپ ئويناۋاتقاندا، بوكا ئۇنى بۇلۇتنى پارچىلاشقا بۇيرۇدى.

— بۇلۇتنى پارچىلىۋەتسەم، ئۇ ئۆلۈپ قالامدۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى بوكا كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇلۇتنىڭ قايتا يېتىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، پارچىلانغان ھەربىر بۇلۇت تەدرىجىي ھالدا يېڭى بىر بۇلۇت بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بۇ دېڭىز - ئوكيان ھايۋانلىرى غەۋۋاسچاقنىڭ دېڭىز - ئوكيان دۇنياسىغا بولغان نەزەر دائىرىسىنى خېلىلا ئېچىپ قويدى.

— بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى، — دېدى بوكا، — بوران - چاپقۇن كېلىۋاتىدۇ !

— بوكا ، سەن دېڭىز ئاستىدا تۇرۇپ، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنى قانداق بىلىسەن؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق ھەيران قېلىپ.

— قارا، بۇنى ماڭا مېدۇزا دەپ بەردى.

ئالدى تەرەپتە سانسىزلىغان قىزىل رەڭلىك مېدۇزىلار دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پولاڭشىۋاتقان ئۇزۇن سەزگۈ قوللىرى كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى، بۇ قىزىل يالقۇنلار توختىماي دېڭىز



www.uyghurkitap.com

ئاستىغا چۆكۈۋاتاتتى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — غەۋۋاسچاق ئىختىيارسىز ئاۋازىدە بولۇپ كەتتى، — مېدۇزا دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرىدىغان جانلىق تۇرسا، قانداقسىغا ...

بوكا غەۋۋاسچاقنى جىددىيلەشمەي گېپىگە قۇلاق سېلىشقا ئۈندىدى.

— مېدۇزا ئىچى كاۋاك هايۋان، سەزگۈ قوللىرى ئارىسىدىكى ئىنچىكە ساپىقىدا كىچىك توپچىسى، ئۇنىڭ ئىچىدە تەۋرەنمە تاش بار. بۇ تاشنى مېدۇزىنىڭ قۇلىقى دېيىشمۇ بولىدۇ. دېڭىز دولقۇنى بىلەن هاۋا سۈركەلگەندە هاسىل بولغان ئىككىلەمچى ئاۋاز دولقۇنى تەۋرەنمە تاشقا سوقۇلۇپ، مېدۇزىغا بوران-چاپقۇندىن ئون نەچچە سائەت بۇرۇن خەۋەر بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار لەيلەتتىش كۆپۈكچىلىرىدىكى هاۋانى ئۆزلۈكىدىن قويۇپ بېرىپ، دېڭىزغا چۆكىدۇ.

پارلاپ تۇرغان قوياش بىمەھەل قارا بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى، دېڭىزغا چۈشكەن نۇرلارمۇ ئاجىزلاپ، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن خىرۇستال ئوردىمۇ غايىب بولدى.



# قالتىس ئاتا بېلىق

غەۋۋاسچاق بىلەن پېرىپال بېلىقى بوكا بىر ئىللىق دېڭىز تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى ۋە نۇرغۇن ئۈزۈك سەزگۈ قوللارنىڭ سۇدا ئۇيان ـ بۇيان لەيلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

— بوكا، بۇ كىچىك سەككىز ئاياغنىڭ قولىمۇ؟

بوكا بىر ئۈزۈك سەزگۈ قولنىڭ يېنىغا بېرىپ سىنچىلاپ قارىدى:

— ياق، بۇ قولۋاق بېلىقنىڭ سەزگۈ قولى ئىكەن، — دېدى.

— قولۋاق بېلىق؟ — غەۋۋاسچاق مۇنداق بېلىقنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— قولۋاق بېلىق يەنە لەيلىگۈچ ئارگوناۋت ئۆمۈچۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سەككىز ئاياغنىڭ يېقىن تۇغقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ سەزگۈ قولى بىلەن سەككىز ئاياغنىڭ سەزگۈ پۇتى بەك ئوخشايدۇ.

— بۇ ئۈزۈك قوللارغا نېمە بولغاندۇ؟ قولۋاق بېلىق يارىلاندىمۇ نېمە؟

— ياقەي، بۇلار ئەركەك قولۋاق بېلىقنىڭ سەزگۈ قوللىرى، — دېدى بوكا، — هازىر دەل باهار ئېيىنىڭ ئاخىرى، قولۋاق بېلىقنىڭ





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپىيىش پەسلى، ئەركەك قولۋاق بېلىقنىڭ بىر قولى ئۆزىنىڭ قاپ پەردە بوشلۇقىدىن سپېرماتىفور چىقىرىپ، شىددەت بىلەن ئۆسىدۇ. بىر جۈپ سپېرماتىفورغا ئىگە بولغان بۇ سەزگۈ قول ئۆسۈپ مۇئەييەن دەرىجىگە بارغاندا، باش قىسمىدىن تەبىئىي ئاجراپ چۈشىدۇ، ئاندىن دېڭىزدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ھەربىر سەزگۈ قولنىڭ مۇرەككەپ نېرۋا سىستېمىسى بولىدۇ.

قارىماققا ئۇچەي قۇرتىغا ئوخشايدىغان بۇ سەزگۈ قوللارنىڭ ئىككى رەت شورىغۇچى تەخسىلىرى بار ئىدى. ئۇلار تېخى تەرەققىي قىلمىغاچقا، ئارتۇقچە ئۆسۈپ قالغان «بارماق»لارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار قارىغۇلارچە ئۇيان - بۇيان ئۈزۈپ يۈرمەستىن، قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بوكا، ئۇلار نەگە بارىدىغاندۇ؟

— بۇ سەزگۈ قوللاردىن بىرىگە ئەگىشەيلى، شۇندىلا ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەلەيسەن.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا بىر سەزگۈ قولغا ئەگەشتى.

— غەۋۋاسچاق، قارا! — ۋارقىرىدى بوكا، — چىشى قولۋاق بېلىق.

ئەركەك قولۋاق بېلىقنىڭ سەزگۈ قولى چىشى قولۋاق بېلىقنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ باردى.

چىشى قولۋاق بېلىقنىڭ گەۋدىسى تۇخۇم شەكلىدە تۇگۈلگەنىدى. بېشىدا سەككىز تال ئۇزۇن، ئىنچىكە سەزگۈ قولى، قولىنىڭ ئۇستىدە



ئىككى قاتار شورىغۇچى تەخسىسى بار ئىدى.

— قارا، ئەركەك قولۋاق بېلىقنىڭ سەزگۈ قولى چىشى بېلىقنىڭ قاپ پەردە بوشلۇقى ئىچىگە كىردى، ئۇزاق ئۆتمەي چىشى بېلىق بېلىجانلايدۇ.

بۇنداق كۆپىيىش ئۇسۇلى غەۋۋاسچاقنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

— ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، بۇنداق ئىشلارنى چۆچەكلەردىلا بار دەپ يۈرەتتىمكەن.

— دېڭىزدا غەلىتە ئىشلار تېخى كۆپ! — دېدى بوكا سىرلىق قىياپەتتە، — ئاتا سەقەنقۇرنىڭ بالا تۇغىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بالا دېگەننى ئانا تۇغىدىغان تۇرسا، — دېدى غەۋۋاسچاق تولىمۇ ھەيران بولغان ھالدا، — دادىسى قانداق تۇغىدۇ؟

— يۈرە، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.

بوكا غەۋۋاسچاقنى دېڭىز يۇسۇنى بولۇق ئۆسكەن جايغا باشلاپ كەلدى.

— ياخشىمۇ سەن بوكا، — سەقەنقۇر بوكا يېپىشىۋالغان غەۋۋاسچاقنى كۆرۈپ سەگەكلەشتى، — ئۇ كىم؟

— ھە، جىددىيلەشمە، بۇ غەۋۋاسچاق، مېنىڭ دوستۇم، — دېدى بوكا غەۋۋاسچاقنى سەقەنقۇرغا تونۇشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ بالا تۇغقىنىڭنى كۆرگۈسى بار ئىكەن.

— دېمەيلا قوي، — سەقەنقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، — يىگىرمە كۈن بولدى، ھېچ ھالىم قالمىدى، ھېلىمۇ ياخشى بالام تۇغۇلايلا دەپ قالدى.

سەقەنقۇر شۇنداق دېسىمۇ، دادا بولۇش خۇشاللىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. سەقەنقۇرنىڭ

www.uyghurkitap.com

جۇغى كىچىك، ئاران ئون سانتىمېتىرچە كېلەتتى، ئەمما بېشى دۇلدۇلنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. قاسراقسىز گەۋدىسىنىڭ پۇتۇن قىسمىنى نۇرغۇن سۆڭەك ھالقىلىرى ئوراپ تۇراتتى. ئۇلار مۇستەھكەم ئومۇرتقا گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغانىدى.

— بالىنى قانداق تۇغىدىغانلىقىمنى كۆرمەكچىدىڭغۇ، ئالدى بىلەن بالا ھەمراھىنى كۆرۈپ باققىن! — دېدى سەقەنقۇر غەۋۋاسچاققا.

غەۋۋاسچاق سەقەنقۇرنىڭ قورسىقىدا بىر خىل سۇزۇك خالتا شەكىللىك نەرسىنى كۆردى.

— بۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

— ئايالىمنىڭ تۇخۇمى بار، — دېدى سەقەنقۇر، — ئايالىم مېنىڭ «بالا







هەمراھىم»غا تۇخۇملاپ قويۇشقىلا مەسئۇل، باشقا ئىش بىلەن كارى يوق، تۇخۇم باسىدىغان، تۇغىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن. ئۇھ، سىلەر بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشالمايدىغان بولدۇم، بوشىنىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا دەرھال بىر چەتكە ئۈزۈپ بېرىپ، ئاتا سەقەنقۇرنىڭ ئاجايىپ بوشىنىش جەريانىنى كۆردى.

سەقەنقۇر ئاتا كۆپ بوغۇملۇق ئېگىلىشچان قۇيرۇقىنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا دېڭىز يۇسۇنىگە يۆگەپ، مۇسكۇللىرىنى توختىماستىن يىغىپ — ئېچىپ، گارمون تارتقاندەك ھەرىكەت ئىشلىدى. ھەر قېتىم ئارقىسىغا تىرەجىگەندە بالا ھەمراھى ئېچىلىپ، بالا سەقەنقۇرلار بىر — بىرلەپ تۇغۇلاتتى. غەۋۋاسچاق سەقەنقۇر تاكى ئەڭ ئاخىرقى بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە ساندى، ئۇ جەمئىي 370 نى تۇغقانىدى.

سەقەنقۇر ئاتا بوشىنىپ بولغاندىن كېيىن يېنىكلەپلا قالغانىدى. ئۇ قۇيرۇقىنى بىر قېتىپلا يۇقىرى — تۆۋەن ئۈزۈشكە باشلىدى. رەڭدار دۈمبە پالاقچىسىنى توختىماستىن دولقۇنسىمان تەۋرىتىپ، تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا بېرىپ، سەقەنقۇر ئاتىنى تەبرىكلەشتى. سەقەنقۇر ئاتا ئىنتايىن ئېپتىخارلانغان ھالدا:

— مەن ناھايىتى تۇغۇمچان، يىلىغا ئون نەچچە قېتىم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇغىمەن! — دېدى.

يېڭى تۇغۇلغان سەقەنقۇر بالىلىرى ئارانلا بىر سانتىمېتىر كېلەتتى. بوكا ئۇلارنىڭ ناھايىتى تېز چوڭىيىدىغانلىقى، بىر ئايدىلا ئالتە سانتىمېتىرغا، ئۈچ ئايدا ئون نەچچە سانتىمېتىرغا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاتا سەقەنقۇر بىر يىلدا شۇنچە كۆپ بالىلايدىكەن، — دېدى غەۋۋاسچاق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۇ بەك جاپاكەش ئىكەن، ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن.

— ئاتا سەقەنقۇردىنمۇ قالتىسلىرى بار تېخى! — نېمىلا دېگەنبىلەن بوكانىڭ كۆرگىنى كۆپ ئىدى، — ئاتا سەقەنقۇر تۇخۇم

بىسىپ باللىرىنى تۇخۇمدىن چىقىرىپ قويسىلا بولىدى. بىراق، ئاتا يىڭنىبېلىق باللىرىنى تۇخۇمدىن چىقارغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئىزچىل خەۋەر ئالىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى غەۋۋاسچاق قىزىقسىنىپ، — مېنى تېزرەك ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرگىن.

بوكا غەۋۋاسچاقنى دېڭىز ئوت - چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن بىر يەرگە باشلاپ كەلدى. دەرۋەقە بۇ يەردە ئەركەك يىڭنىبېلىق ۋە يېڭىلا تۇخۇمدىن چىققان يىڭنىبېلىق بېلىجانلىرى بار ئىدى.

ئەركەك يىڭنىبېلىقنىڭ تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، كۆزى يوغان ۋە دۈگىلەك، قاسراقسىز بەدىنى قارامتۇل سۆسۈن رەڭلىك ھالقىسىمان سۆڭەكلەر بىلەن ئورالغانىدى، تۇرۇبىدەك ئۇزۇن تۇمشۇقىنىڭ ئالدى تەرىپىدە كىچىككىنە ئاغزى بار ئىدى. ئۇنىڭ دۈمبە پالاقچىسى ئۇزۇن ھەم ئېگىز ئىدى. قۇيرۇق پالاقچىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېچىلغان يەلپۈگۈچكە ئوخشايتتى. ئۇزگەندە ئۇيان - بۇيان تولغىنىپمۇ قويماي، ئېسىلزادىلەردەك تۈپتۈز ھالىتىنى ساقلايتتى.

— قارىغىنا، يىڭنىبېلىقنىڭ تۇرقى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟ — سورىدى بوكا.

— قامچىغا ئوخشايدىكەن.

— توغرا، ئۇنىڭ يەنە قامچا بېلىق دېگەن ئىسمىمۇ بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىڭنىبېلىقنىڭ تېنىدە تەڭگىسمان ئىزلار بار، شۇڭا ئۇنىڭ يەنە «يارماق تىزىقى» دېگەن چىرايلىق ئىسمى بار!

تۇيۇقسىز يىڭنىبېلىق بەدىنىنى تىك قىلىپ تۇرۇپ، سۇ پۈركۈدى.

— ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— يېمەكلىك ئىزدەۋاتىدۇ، — دېدى بوكا، — ئۇ لاي - قۇملارغا سۇ پۈركۈپ ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان كىچىك جانلىقلارنى يەيدۇ.

غەۋۋاسچاق يىڭنىبېلىققا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ نەرسىلەرنى قانداق يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى، يىڭنىبېلىق دەرھال سەگەكلەشتى، بېلىقجانلىرىمۇ ساراسىمگە چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بېلىقجان قېپىغا كىرىۋېلىشتى.

— يىڭنىبېلىق تاغا، قورقماڭ! — دېدى بوكا ئالدى تەرەپكە ئۈزۈپ ئۆتۈپ، — بۇ مېنىڭ دوستۇم غەۋۋاسچاق.

— سەنمىدىڭ بوكا، — ئاتا يىڭنىبېلىق خاتىرجەم بولۇپ بېلىقجان قېپىنى ئاچتى، بېلىقجانلىرىنىڭ ھەممىسى يەنە ئۇۋىسىدىن چىقىشتى.

— راست دەپتىمەنمۇ؟ ئاتا يىڭنىبېلىق ئاتا سەقەتقۇردىنمۇ بەكرەك مەسئۇلىيەتچانمىكەن؟





# دېڭىز ئادەمگىياھى بىلەن دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ پارچىلىنىش ھۈنىرى

غەۋۋاسچاق دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇدى.

پېرىپال بېلىقى بوكا غەۋۋاسچاققا چاپلىشىۋالغاچقا قىلچە كۈچ سەرپ قىلمايتتى، شۇڭا ئۇ غەلىتە كەچۈرمىشلىرىنى دائىم غەۋۋاسچاققا سۆزلەپ بېرەتتى.

— ئىشىنەمسەن؟ مەن كىچىك ۋاقتىمدا دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ ئىچىدە تۇراتتىم.

— دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تىكەنلىك ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇنىڭ تېنىدە زەھەر بار تۇرسا، سەن قورقمامتىڭ؟ — غەۋۋاسچاق بوكانى پو ئېتىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تېنىدە زەھەرلىك سۈيۈقلۇق بار، ئەمما ئۇنىڭ بىز پېرىپال بېلىقلىرىغا ھېچقانداق زىيىنى يوق.

— بوكا، سەن دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تېنىدە تۇرساڭ، ئەجەبا ئۇ بىئارام بولمامدۇ؟ — غەۋۋاسچاق بوكانىڭ دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تېنىدە تۇرغاندىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، دېڭىز ئادەمگىياھى ئۈچۈن بىئارام بولدى.

— تېنىمنىڭ ئۆلچەملىك سۈيۈر شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — بوكا مەغرۇرلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سۆڭىكىم يوق، پالاقچىممۇ يوق، تېنىم سىپسىلىق تۇرسا، دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تېنىگە كىرسەم ئۇ بىئارام بولاتتىمۇ.

— ئۇنداقتا دېڭىز ئادەمگىياھى سېنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپتۇ - دە؟

— شۇنداق. مەن ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن، — بوكانىڭ ئاۋازىدىن مىننەتدارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — مەن دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ گۆشىنى يەپ چوڭ



بولغان.

— نېمە؟ — غەۋۋاسچاق ۋارقىراپ كەتتى، — دېڭىز ئادەمگىياھى ساڭا شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلسا، سەن تېخى ئۇنى يەمسەن، نېمىدېگەن قەبىھلىك بۇ !

— جىددىيلەشمە، — دېدى بوكا چۈشەندۈرۈپ، — دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، مەن ئۇنىڭ گۆشى ياكى ئەزالىرىنى يەۋەتسەم، بىرقانچە كۈن ئۆتمەيلا يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

بوكانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىغا قىزىقىپ قالدى ۋە بوكانىڭ دېڭىز ئادەمگىياھىنى كۆرسىتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

— ساڭا دېڭىز ئادەمگىياھىنى كۆرسىتىپ كېلەي دېگەنىدىم، لېكىن ئۇ ھازىر يازلىق ئۈچەكتە، — دېدى بوكا ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

— يازلىق ئۈچەك؟ — غەۋۋاسچاق ھايۋانلارنىڭ قىشلىق ئۈچەككە كىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما يازلىق ئۈچەككە كىرىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى. دېڭىز ئادەمگىياھى نېمىشقا يازدا ئۈچەككە كىرىدىغاندۇ؟

— دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ يازلىق ئۈچەككە كىرىشى ئىككى سەۋەبتىن، — دېدى بوكا، — ئىسسىقتىن قورقۇشى بىر سەۋەب. ئۇ 20 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىدىيالمايدۇ. شۇڭا، سۈيى چوڭقۇرراق، دولقۇنى ئاجىزراق جايغا يۆتكىلىپ يېمەي ـ ئىچمەي، مىدىر ـ سىدىر قىلماي بىراقلا يۈز كۈنچە ئۇخلايدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20 سېلسىيە گرادۇستىن چۈشكەندىلا ئاندىن ئويغىنىدۇ.

— يەنە بىر سەۋەبچۇ؟

— يازدا قۇياش نۇرى كۈچلۈك بولغاچقا دېڭىز يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تېز ئۆرلەيدۇ. بۇ چاغدا دېڭىز ئاستىدىكى ئۇششاق جانىۋارلار يىلدا بىر كېلىدىغان كۆپىيىش ئۈچۈن دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېڭىز

www.uyghurkitap.com

ئاستىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان دېڭىز ئادەمگىياھى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق تاپالماي، يازلىق ئۆچەككە كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

— بوكا، دېڭىز ئادەم گىياھىنىڭ ئۆچەكتىكى ھالىتىنى بەك كۆرگۈم بار، مېنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كەلسەڭچۇ!

بوكا غەۋۋاسچاقنى دېڭىز يوسۇنلىرى بولۇق ئۆسكەن بىر جايغا باشلاپ كەلدى. بىر دېڭىز ئادەمگىياھى بۇ جايدىكى خادا تاشنىڭ ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئۇ تولغۇلۇپ، خادا تاشنى مەھكەم تىرىگىنىچە، ئوڭدىسىغا ياتقانىدى.

غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى تۇتۇپ باقتى. دېڭىز ئادەمگىياھى يېنىك تەۋرەندى. غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىنى يەنە تۇرتۇۋىدى، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى.

ئىككى مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر بېلىق ئېتىلىپ كەلدى،





ئۇنىڭ جۇغى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى ، بوكا بۇ بېلىقنىڭ ئاكۇلا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— غەۋۋاسچاق، دەرھال يوشۇرۇنۇۋال !

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا چوڭ بىر خادا تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. ئەمما، غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىدىن خاتىرجەم بولالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇتى يوق، ھەرىكەتلىنىشى تولىمۇ قىيىن ئىدى.

— تۈگەشتى، دېڭىز ئادەمگىياھىنى ئاكۇلا يەۋېتىدىغان بولدى.

— خاتىرجەم بول، ئۇنىڭ ئاكۇلاغا تاقابىل تۇرىدىغان ئامالى بار، — دېدى بوكا ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

ئاكۇلا ئۇدۇل دېڭىز ئادەمگىياھىنى قىستاپ كەلدى، تۇيۇقسىز دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ تېنى شىددەت بىلەن قىسقىراپ مەقئىتىدىن ئۈچىيىنى پۇركۇپ چىقاردى. ئاكۇلا بۇ ئۈچەيلەرنى يۇتۇۋەتتى - دە، مەمنۇن بولغان ھالدا كېتىپ قالدى.

غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ باردى. ئۇ ئۆزىچە دېڭىز ئادەمگىياھىنى ئىچ - باغرى يوق بولدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ بىر ئوبدان تۇرغىنىنى، يېنىك قىمىرلىغىنىنى كۆردى.

— كۆرگەنسەن، — دېدى بوكا مەغرۇرلانغان قىياپەتتە، — مانا بۇ دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ پارچىلىنىش ھۇنىرى.

دېڭىز ئادەمگىياھى ئىچ - باغرىنى تاشلىۋېتىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قالغانىدى! غەۋۋاسچاق دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ پارچىلىنىش ھۇنىرىنىڭ بۇ قەدەر يۇقىرىلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى.

— لېكىن، — غەۋۋاسچاق يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى، — دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ ئىچ - باغرى يوق تۇرسا، بۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلماسمۇ؟

— ئۇنىڭ ئىچ - باغرى ئۇزاق ئۆتمەي قايتا ئۆسىدۇ، شۇڭا ئانچە چوڭ تەسىرى يوق.

ھەممە يەنە بۇرۇنقى تىنچلىقىغا قايتتى، دېڭىز سۈيى ئاستا - ئاستا ئاقماقتا، دېڭىز ئادەمگىياھى بىر ئۆرۈلۈپلا يازلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ يېنىدىن كېتىشكە تەمشەلدى.



— دېڭىز يۇلتۇزى ! — دەپ ۋارقىرىدى بوكا بۇ چاغدا.

دېڭىز يۇلتۇزى دېڭىز ئادەمگىياھىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى قىنىق، تېنىدە ئۆزئارا سىممېترىيەلىك بەش پۇتى بار ئىدى.

— ئۇ راستلا چىرايلىق يۇلتۇزغا ئوخشايدىكەن ، — دېدى غەۋۋاسچاق زوقلىنىپ.

— لېكىن ئۇ ئانچە ئوماق ئەمەس ! — دېدى بوكا سوغۇقلا، — ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ دېڭىز ئادەمگىياھىنى يېمەكچى.

بوكانىڭ بۇ سۆزى غەۋۋاسچاققا غەلىتىلا بىلىندى.

— دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ كۆزى بولمىسا، دېڭىز ئادەمگىياھىنىڭ نەدىلىكىنى قانداق بىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ پۇتلىرىدا قىزىل رەڭلىك كۆز داغلىرى بار. ئۇلار بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئوخشاش نۇر سېزەلەيدۇ. كۆز داغلىرىنىڭ ئەتراپىدا يەنە پۇراق سېزىدىغان قىسقا قوللىرى بار.

دېڭىز يۇلتۇزى دېڭىز ئادەمگىياھىغا يېقىنلاپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پېرپال بېلىقى بوكانى بېقىپ قاتارغا قوشقان دېڭىز ئادەمگىياھىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن غەۋۋاسچاق پىچىقىنى چىقىرىپ، دېڭىز يۇلتۇزىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە پارچىلاپ تاشلىدى.

— ئەمدى ياخشى بولدى، — دېدى غەۋۋاسچاق يېنىك تىنىپ.

— نېمىسى ياخشى بولاتتى، — دېدى بوكا، — ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دېڭىز يۇلتۇزى پارچىلىرى ئۆسۈپ، ئىككى دېڭىز يۇلتۇزىغا ئايلىنىدۇ.



# دېڭىز ئاستىدىكى تۆتەك پەردە جېڭى

چوڭقۇر دېڭىز ئاستى قارىماققا تىپتىنچ كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەر ۋاقىت ئۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ .

بىر كامبالا بېلىقى دېڭىز تېگىدىكى لاتقا ئىچىدە يانچە جىمجىت ياتاتتى، گەرچە ئۇنىڭ رەڭگى ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ، لېكىن بېشىنىڭ ئىككى تەرىپى بۇرتۇپ چىققان بىر توپ كۆرەكباش ئاكۇلا ئۇنى بايقاپ قالدى.

كۆرەكباش ئاكۇلالار بۇرما مىخ شەكلىدە 360 گرادۇس ئايلىنىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار قورسىقىدىن يالت - يۇلت قىلىپ نۇر چىقىرىپ، دېڭىز ئاستىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى.

كۆرەكباش ئاكۇلالار كامبالا بېلىقىغا يېقىنلاپ كېلىپ، مۇھاسىرىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا چوڭ بىر خادا تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۈتۈۋالدى. بىر مەيدان قانلىق جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

— كامبالا بېلىقى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى بوكا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

— نېمىدېگەن بىچارە! — غەۋۋاسچاقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، — شۇنچە كۆپ ئاكۇلا كىچىككىنە بىر بېلىقنى بوزەك قىلىدىكەنە.

كۇرەكباش ئاكۇلالار تۇيۇقسىز سۈت رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئىچىدە قالدى، ئۇلار بىردىنلا پاتىپاراق بولۇشۇپ، ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە بەدەر قېچىشتى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — غەۋۋاسچاقمۇ تومان ئىچىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى.

— بېرىپ كامبالا بېلىقىدىن سوراپ باقايلى!

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كامبالا بېلىقىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ياتاتتى.



— كامبالا بېلىقى، بايىقى قانداق ئىش؟

— ھېچنېمە، — كامبالا بېلىقى ئېرىنچەكلىك بىلەن جاۋاب بەردى، — بىر توپ كۆرەكباش ئاكۇلا مېنى يېمەكچى بولۇشتى شۇ.

— قائىدە بويىچە كۆرەكباش ئاكۇلالارنىڭ سېنى يەۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، لېكىن نېمىشقا يەنە قېچىپ كېتىدۇ؟

— مېنى يەۋېتەرمىش، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دېدى كامبالا بېلىقى يەنە شۇنداق ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن، — ئازراق زەھەرلىك سۈيۈقلۇق پۈركۈۋېدىم، ئۇلار ياۋاشلىق بىلەن ھوشىنى تېپىۋالدى.

غەۋۋاسچاق ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ كەتتى:

— سەن دېگەن زەھەرلىك سۈيۈقلۇق بايا سۇغا تارقالغان سۈت رەڭلىك سۈيۈقلۇق شۇمۇ؟

— خاتىرجەم بول، بۇ سۈيۈقلۇق ئادەملەرگە زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ.

— ئۇنداقتا ماڭچۇ؟ — سورىدى بوكا.

— زەھەر تارقىلىپ تۈگەيلا دېدى،



www.uyghurkitap.com



ئاغزىڭنى ئاچماي تۇر، بولمىسا يۇمالماي قالىسەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق دەماللىققا ئاڭقىرالماي.

— ئاكۇلالارنىڭ ئاغزى ئوچۇق ھالەتتە قاچقىنىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى كامبالا بېلىقى غالىبلارغا خاس تەلەپپۇزدا، — مەن پۈركۈگەن زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئاكۇلالارنىڭ ئېڭەك مۇسكۇلىنى ناركوزلاپ قويىدۇ، ئۇلار ئاچقان ئاغزىنى يۇمالماي، ئىلاجسىز قۇيرۇقىنى خادا قىلىشىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا!

غەۋۋاسچاق كۆرەكباش ئاكۇلالارنىڭ ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە قاچقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئېغىزىنىمۇ يۇمالمىسا، كامبالا بېلىقىنى قانداقمۇ يېيەلىسۇن؟ غەۋۋاسچاق بۇلارنى ئويلاپ، كامبالا بېلىقىنىڭ كۈلكىسىگە جور بولدى.

— تېز بۇ يەردىن كېتىڭلار! — كامبالا بېلىقى بىردىنلا كۈلكىسىنى توختاتتى، — سەل تۇرۇپ زەھەرنىڭ كۈچى تۈگىگەندە، ئاكۇلالار يەنە كېلىدۇ.

— سەندىن سورايدىغان سوئاللىرىم بار ئىدى، —



غەۋۋاسچاق سوئال سورايدىغان پۇرسەتنى ئاسانلىقچە قولدىن
بەرمەيتتى.

— ئۇنداقتا تېزرەك سورا.

— كۆزۈڭ ئاغرىپ قالدىمۇ؟

— ياقەي، كۆزۈم ناھايىتى ياخشى تۇرمامدۇ.

— بېلىقلارنىڭ بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن كۆزى بولىدۇ، لېكىن سېنىڭ ئىككىلا كۆزۈڭ بىر تەرەپكىلا جايلاشقانىكەنغۇ؟

— مەن يېڭى تۇغۇلغاندا، مېنىڭ كۆزۈممۇ باشقا بېلىقلارنىڭكىدەك بېشىمنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىدى. مەن دائىم دېڭىز تېگىدە يانچە ياتىمەن، شۇڭا تەن شەكلىمدە ئۆزگىرىش بولۇپ، تۆۋەن تەرەپتىكى كۆزۈم تەدرىجىي يۇقىرىغا يۆتكىلىپ، ئاقىۋەت يۇقىرىدىكى كۆزۈم بىلەن بىر قاتارغا كېلىپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

غەۋۋاسچاق كامبالا بېلىقنىڭ شۇنچە ئېنىق جاۋاب بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن بوكا بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلدى.

دەرۋەقە كۆرەكباش ئاكۇلالار ئېغىزلىرىنى يۇمۇشقاندىن كېيىن، كامبالا بېلىقنى يەنە مۇھاسىرىگە ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەلپازى تولىمۇ يامان، قارىغاندا قىساس ئالىدىغاندەك قىلاتتى.

ئاكۇلالار يېقىنلاپ كەلگەندە كامبالا بېلىقى قىلچە ھودۇقماي يەنە بىر قېتىم ئاق رەڭلىك زەھەر پۈركۈدى.

ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشقان كۆرەكباش ئاكۇلالار يەنە بەدەر قېچىشتى.

غەۋۋاسچاق دەرھال ئۇلارغا ئەگەشتى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟ — سورىدى بوكا.

— ئۇلارنىڭ قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئېغىزلىرىنى يۇمالايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىمەن.

ئاغزىنى يۇمالايۋاتقان ئاكۇلالار ساراڭ بولغاندەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ يۈرەتتى.

ئالدى تەرەپتە شەكلى رېزىنكە خالتىغا ئوخشايدىغان يۇمشاق تەنلىك ھايۋان پەيدا بولدى.

— سىياھ بېلىق! — دېدى بوكا.

سىياھ بېلىق ئېغىزىنى يوغان ئاچقان ئاكۇلالارنى



كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنى دالدىغا ئالماستىن، ئەكسىچە كەينىچە بولۇپ ئاكولا توپىغا قاراپ تېزلىكتە ئىلگىرىلىدى.
— ئۇ سارالڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟
غەۋۋاسچاقنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەي، دېڭىز سۈيى قارا رەڭدە بويىلىپ كەتتى.
— بوكا، بوكا، مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم!
— بۇ سىياھ بېلىق پۈركۈپ چىقارغان سىياھ.
ئارقىدىنلا نەرسىلەرنىڭ سوقۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. غەۋۋاسچاق ئىككى كورەكباش ئاكولانىڭ قاراڭغۇلۇقتا ئۆز-ئارا سوقۇلغانلىقىغا جەزم قىلدى.
— بوكا، بوكا، قاياقتا ئۈزىمىز؟
بوكادىن سادا چىقمىدى، ئەسلىدە ئۇمۇ سىياھدا ھوشسىزلانغانىدى.
غەۋۋاسچاق قانچىلىك ئۈزدىكىن، دېڭىز سۈيى تەدرىجىي سۈزۈلۈپ، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە يەنە ئېنىق كۆرۈندى.





— بوكا، بوكا، كۆزۈڭنى ئاچ !

— ئۇھ، چۈشۈمدەكلا، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ...

بوكا، ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تېخىچە چۈشەكەۋاتاتتى.

— بوكا بۇ چۈشۈڭ ئەمەس ! — دېدى غەۋۋاسچاق، — سىياھ بېلىقنىڭ سىياھى سېنى ناركوزلاپ قويدى.

ئۇلار ئۈزۈپ قىزىل رەڭلىك مارجان توپى بار جايغا كەلدى. بىر سىياھ بېلىق بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى ۋە تۇرقى بايا «تۇتەك» قويۇپ بەرگەن سىياھ بېلىققا بەك ئوخشايتتى.

— بايا بىر توپ كۈرەكباش ئاكۇلاغا سىياھ پۈركۈگەن بېلىق سەنمۇ؟





— مەن بېلىق بولمىسامۇ، كىشىلەرنىڭ مېنى سىياھ بېلىق دەپ ئاتىشىنى ياقتۇرىمەن، — سىياھ بېلىق بۇرۇلۇپ نۇرغۇن سەزگۈ قوللىرىنى غەۋۋاسچاققا قاراتتى، — مانا بۇ مېنىڭ بېشىم.

دەرۋەقە ئون قوللىنىڭ كەينىدە بىر جۈپ يوغان كۆز، ئوتتۇرىسىدا ئېغىز تۇراتتى.

— لېكىن، بايا مەن بىر سىياھ بېلىقنىڭ ئاكۇلاغا ئېتىلغاندا بېشىنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىم؟

— ئۇ دەل مەن! — سىياھ بېلىق بېشىنىڭ ئاستىدىكى ۋارونكا شەكىللىك تۆشۈكنى غەۋۋاسچاققا كۆرسەتتى، — بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز سىياھ بېلىقلارنىڭ كۆپىيىش، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىش، سىياھ پۈركۈش ئېغىزىمىز، شۇنداقلا ئاساسلىق ھەرىكەت ئەزايىمىز، تېنىمىز قىسقارغاندا، ئۇنىڭدىكى سۇ تەركىبلىرى مۇشۇ ئېغىزدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ، بىز سۇنىڭ كەينىگە ئىتتىرىش كۈچىگە تايىنىپ ئوقتەك تېز چېكىنىمىز.

— ھە، ئەسلىدە سىياھ بېلىق پەقەتلا چېكىنەلەيدىكەن، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدىكەن - دە، — غەۋۋاسچاق ئەمدى چۈشەندى.

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى سىياھ بېلىق.

— بايا سەن ئاكۇلاغا سىياھ پۈركۈگەن سىياھ بېلىق مەن شۇ دېدىڭ، مەن كۆرگەن سىياھ بېلىق كۆل رەڭ ئىدى، لېكىن سەن ھال رەڭ ئىكەنسەنغۇ!

— ئەتراپىتىكى بۇ مارجان تاشلار قانداق رەڭدىكەن؟

— قىزىلكەنغۇ!

— توغرا! — دېدى سىياھ بېلىق، — تېنىمنىڭ رەڭگى ئەتراپىتىكى مۇھىتقا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ.

— ئەگەر دېڭىز يۇسۇنى بار جايغا بارساڭ، يېشىل رەڭگە ئۆزگىرەمدۇ؟

— كۆرگۈڭ بولسا دېڭىز يۇسۇنى بار جايغا بىللە بارايلى! — دېدى سىياھ بېلىق شوخلۇق بىلەن.

غەۋۋاسچاق بۇ پۇرسەتنى تىلەپمۇ تاپالمايتتى. ئۇلار بىللە دېڭىز يۇسۇنى توپىغا قاراپ ئۈزدى.





## دېڭىز ئاستىدىكى پانۇس بايرىمى

دېڭىز ـ ئوكياننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىمۇ قۇرۇقلۇقتىكىدەك تىك قىيالىق ئېگىز تاغلار، تەكشى تۈزلەڭلىكلەر، تۇتاش كەتكەن ئېدىرلىقلار ۋە پەس ئويمانلىقلار بار.

غەۋۋاسچاق بىر چوڭقۇر جىلغىغا كىردى، جىلغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى چوڭقۇرلاپ، قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

غەۋۋاسچاق يەنە داۋاملىق ئالغا مېڭىۋېرىشكە جۇرئەت

قىلالمىدى.

— بوكا، ئارقىمىزغا قايتايلى!

— چوڭقۇر دېڭىزنى تەكشۈرمەكچىدىڭغۇ؟ نېمە، قورقۇپ قالدىڭما؟

— كىم قورقۇپتۇ؟ — غەۋۋاسچاق تەن بەرمەي، تەۋەككۈل قىلىپ ئالدىغا قاراپ ئۈزدى.

ئۈزە، ئۈزە، ئۇلار شۇنداق ئۇزاق ئۈزدى، ئاخىر توچكا - توچكا يورۇقلۇق كۆرۈندى.

نېمىلا بولسۇن ئۇلار جىلغىدىن ئۆتتى.



— دېڭىزدىمۇ چىراغ بار ئىكەن ! — غەۋۋاسچاق خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى.

— ئۇ چىراغ ئەمەس، پانۇس بېلىق ! — دېدى بوكا.

— بېلىقمۇ نۇر چىقىرامدۇ؟ — غەۋۋاسچاق ھەيران بولۇپ، پانۇس بېلىقنىڭ يېنىغا بېرىشقا ئالدىرىدى...

— بۇ قاراڭغۇ دېڭىز - ئوكيانىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا نۇرغۇن دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرى نۇر تارقىتالايدۇ. بۇ ھاياتلىقنىڭ قاراڭغۇ دېڭىز مۇھىتىغا ماسلىشىشى.

بوكانىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار جىلغىدىن چىقىپ بىر تۈزلەڭلىككە كېلىپ قالدى، بۇ يەردە رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ، قاراڭغۇ دېڭىز بايراملىق كەيپىياتقا چۆمگەندى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا پانۇس بېلىقنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ بېشى چوڭ، قۇيرۇقى ئىنچىكە، قاسىرىقى كۆمۈش رەڭلىك ئىدى. باش قىسمىنىڭ ئالدىدا، كۆزىنىڭ چۆرىسىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە قاتار - قاتار ياكى توپ - توپ دوگىلەك نۇر چاچقۇچىلىرى بار ئىدى.

— ئىسمى - جىسمىغا لايىق پانۇس بېلىق ئىكەن. ئۇ نەگە بارسا، شۇ يەر يورۇيدىكەن.

غەۋۋاسچاق پانۇس بېلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئالدى تەرەپتىن بىر دەستە كۆچلۈك نۇر كەلدى.





— ئۇ دېگەن چىراغ بېلىق، — دېدى بوكا.

غەۋۋاسچاق چىراغ بېلىقنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نۇر تارقىتىش ئەزاسىنىڭ بارلىقىنى كۆردى.

— بۇ خىل بېلىقنىڭ نۇر مەنبەسى بولسا بىر خىل پارقىراق باكتېرىيە، — دېدى بوكا، — ئۇلار بۇ خىل باكتېرىيەدىن پايدىلىنىپ ئالدى تەرىپىدىكى ئون بەش مېتىر ئارىلىقنى يورۇتالايدۇ.

چىراغ بېلىق كېتىشكە ئاق نۇر چىقىرىدىغان يەنە بىر بېلىق كەلدى.

— بۇمۇ چىراغ بېلىقمۇ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق.

— ياق، توك كالتىكى بېلىقى، — دېدى بوكا جاۋابەن.

دېگەندەك بۇ بېلىقنىڭ تۇرقى چىراغ بېلىقنىڭ تۇرقىغا ئانچە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى كۆپ بولغاندىمۇ ئون بەش سانتىمېتىرچە كېلەتتى. كۆزىنىڭ ئاستىدا بىر خىل ئاق رەڭلىك خالتا بار ئىدى. بۇ يېشىل ئورگانىزملىق خالتا ئاق نۇر چىقىراتتى.

توك كالتىكى بېلىقى دېگەن بۇ ئىسىم غەۋۋاسچاققا تولىمۇ



قىزىقارلىق بىلىندى، ئۇنى نېمىشقا مۇنداق ئاتىشىدىكىنا؟

— بۇ خىل بېلىق ئادەتتە تارقاتقان نۇرى ئارقىلىق باشقا كىچىك بېلىقلارنى جەلپ قىلىپ تۇتۇپ يەيدۇ، خەتەرنى سەزگەن ۋاقىتتا چىرىغىنى دەرھال ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. چىرىغىنى خۇددى ھەر ۋاقىت يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان توك كالتىكىدەك ئىختىيارىچە ياندۇرۇپ، ئۆچۈرەلەيدۇ، شۇڭا توك كالتىكى بېلىقى دەپ ئاتالغان، — دېدى بوكا چۈشەندۇرۇپ.

تۇيۇقسىز چاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا قايرىلىپ قارىدى، خۇددى قۇرۇۇقلۇقتىكى ساليوتلاردەك رەڭگارەڭ ساليوتلار ۋالىلدىماقتا ئىدى.

— ۋاھ، — غەۋۋاسچاق خۇشال بولۇپ كەتتى، — دېڭىزدىمۇ ساليوت ئاتىدىكەن - ھە؟

— بۇ دېگەن ساليۇت بېلىق، — بوكامۇ خۇشلۇقتىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغانىدى، — مەن بۇ خىل بېلىقنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار نەگە بەرسا، شۇ يەرگە بايراملىق تۈس بېغىشلايدۇ.

— ئۇچقۇن نەدىن كەلگەن؟



www.uyghurkitap.com

— سالىيوت بىلىقنىڭ تېنىدە سۇدا سۇركىلىپ نۇر چىقىرىدىغان فوسفورلۇق ماددا بار. ئۇلار ئۆزئارا تېگىشكەندە نۇرلۇق ئۇچقۇن چىقىرىدۇ، يەنە كېلىپ سالىيوت بېلىق توپلىشىپ، قاتارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ «ئۇچقۇن»نىڭ ئۈزۈكسىز ھاسىل بولۇشىغا پۇرسەت يارىتىدۇ.

— نېمىدېگەن ھەيۋەت!

غەۋۋاسچاق بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ھاياجانغا چۆمدى، ئىختىيارسىز قۇرۇقلۇقتا يېڭى يىل بايرىمى ئۆتكۈزگەن چاغدىكى سالىيوت ئاتقان مەنزىرىلەرنى ئەسلەپ قالدى.

— ھەي، غەۋۋاسچاق، ئالدىمىزغا ئۈزۈۋېرەيلى، يەنە تېخىمۇ چىرايلىق بېلىقلار سېنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى بوكا ئالدىرىتىپ.

ئۇلار «چىراغلىق دېڭىز»دىن ئۆتۈپ، پىرقىراپ كۆك نۇر تارقىتىۋاتقان «رەڭلىك شار»نى كۆردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى سەزگۈ قوللىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن نۇر لېنتىلىرىغا ئوخشاش سۆرىلىپ، يالتىراپ تۇراتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە!

— بۇ دېگەن ستېنوفورا، — دېدى بوكا غەۋۋاسچاققا.



ئارقىدىنلا ئۇلار زور كۆتۈلۈكسىمان نۇرلۇق نەرسىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھەر خىل رەڭلىك نۇر لېنتىلىرى گويا لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك يېنىك يەلپۈنەتتى.

— ئاۋۇ سىئانېيە ...

— بىلىمەن، — دېدى غەۋۋاسچاق گەپ تالىشىپ، — ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مېدۇزا.

— شۇنداق، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 — 30 مېتىر كېلىدۇ.





غەۋۋاسچاق چۈشەنمەي سورىدى:

— مېدۇزىنىڭ قاسىرىقى يوق، ئۇنىڭ نۇرىمۇ نۇر چىقىرالايدىغان بىر خىل باكتېرىيەدىن كەلگەنمۇ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق بوكادىن.

— مېدۇزىنىڭ نۇر چىقىرىشى باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ نۇرى ئاكولىن دېيىلىدىغان غەلىتە ئاقسىلدىن كېلىدۇ، —

بوكانىڭ بىلىدىغانلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى.

بۇ چاغدا تېخىمۇ يورۇق نۇر پەيدا بولدى.

— بۇ يالتىراق بېلىق نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى بولىدۇ، — دېدى بوكا.

غەۋۋاسچاق بۇ كۆكۈچ يېشىل نۇرغا قاراپ ئۈزدى. نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى ئەسلىدە ھەر مىنۇتتا ئۈچ قېتىم نۇر چاچاتتى، ئەمما ھازىر مىنۇتىغا 75 قېتىم نۇر چاچماقتا ئىدى.

— نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى ئۈركۈۋېتىپتۇ، — بوكا نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىغا قاراپ توۋلىدى، — نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى، مەن بوكا.

بۇنى ئاڭلاپ، نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىنىڭ نۇر چېچىشى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ يەنە ئەسلىدىكىدەك ھەر مىنۇتتا ئۈچ قېتىم نۇر چاچىدىغان بولدى.

ئۇلار نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىغا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ نۇرى كۆزنى تېخىمۇ قاماشتۇراتتى. بوكا غەۋۋاسچاقنى نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىغا تونۇشتۇردى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم غەۋۋاسچاق.

— بەك چىرايلىق ئىكەنسەن! — دېدى غەۋۋاسچاق نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىنى ماختاپ.

— ئەلۋەتتە، مەن دېڭىزدىكى ئەڭ نۇرلۇق بېلىق تۇرسام! — دېدى نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى قىلچە كەمتەرلىك



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلماستىن، ــ مېنىڭ يەنە بىر چىرايلىق ئىسمىم بار، بوكا بىلىدۇ، ئۇ ساڭا دەپ بەرسۇن!

ــ تېز دەپ بەرگىنە، بوكا!

ــ بەھەيۋەت تۇن بېلىقى! ــ دېدى بوكا.

بۇ ئاتاش دەل جايىدا ئېيتىلغانىدى! بەھەيۋەت تۇن بېلىقى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ئارانلا سەككىز سانتىمېتىرچە كەلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئادەتتىكى كۆزىدىن باشقا يەنە بىر جۈپ نۇر چىقىرىدىغان «كۆز»ى بار ئىدى. نۇر چىقىرىدىغان كۆزىنىڭ ئاستىدا كۆز قاپقىغا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك پەردە بولۇپ، ئۇ يېپىلغاندا كۆكۈچ يېشىل نۇر توسۇلۇپ قالاتتى، ئېچىلغاندا نۇر تارقىلاتتى.

تۇيۇقسىز دېڭىزدىكى نۇرغۇن «چىراغ»لار ئۆچۈپ قالدى.

ــ چوڭ بېلىق كەلدى! ــ بوكا غەۋۋاسچاقنى ئېلىپ بىر چەتكە ئۆتتى.

چوڭ بېلىق نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقىغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ «Z» شەكىللىك يۆنىلىش بىلەن قاچتى.

نۇرلۇق قاپاقلىق قىزىل كاراس بېلىقى بەك ئەقىللىك ئىدى. ئۇ «Z» شەكلىنىڭ بىرىنچى توغرا سىزىقى بويىچە ماڭغاندا نۇر تارقاتقۇچى كۆزىنى ئېچىۋالغانىدى، جىددىي بۇرۇلغاندا نۇر تارقاتقۇچىسىنى تۇيۇقسىز ئېتىۋالدى.

بۇنىڭ بىلەن چوڭ بېلىقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.





# قارماقچى

چوڭ بېلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى چوڭقۇر دېڭىزدىكى «چىراغ نۇرى» پارلىغان بايراملىق كەيپىياتنى بۇزۇۋەتتى. نۇرغۇنلىغان بېلىقلار «چىراغ»لىرىنى ئۆچۈرۈشۈپ مۆكۈنۈۋېلىشتى.

دېڭىز ئاستىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، پەقەت يىراق بىر جايدا بىر يۇلتۇز چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ نۇر غەۋۋاسچاقنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى.

— ئەجەبا ئۇ نۇر چىقىرىۋاتقان بېلىق چوڭ بېلىقنىڭ كېلىشىدىن قورقماسمۇ؟

بۇ بوكاغىمۇ غەلىتە بىلىندى، ئۇلار نۇرغا يېقىن باردى، بېلىق ئەمەس، بەلكى نۇر چىقىرىدىغان باشاق سۇدا تەۋرىنىپ تۇراتتى،

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىنلا قېرى ئادەمنىڭ يۆتەلگىنىگە ئوخشايدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بوكا بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ بوۋاي بېلىق، يەنە ئانگلېر بېلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ دېڭىزدىكى قارماقچى.

— ھە ، بوكامۇ سەن؟ — ئاۋاز بوۋاينىڭ ئاۋازىدەك چىقتى.

— بوكا، قارماقچىنى ئەجەب كۆرمەيمەنغۇ؟ — دېدى غەۋۋاسچاق ئەتراپىغا قاراپ.

— قۇمنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدىم ! — ئانگلېر بېلىقى قۇم ئاستىدىن چىقتى.

ئانگلېر بېلىقىنىڭ تېنى يۇپيۇمىلاق، ئاغزى يوغان، كۆزى بېشىنىڭ ئارقىسىدا، بەدىنى قاسراقسىز بولۇپ، تۇرقى تولىمۇ غەلىتە ئىدى. بېشىدا ئۇزۇن ھەم ئەۋرىشىم، شۇنداقلا يەنە ھەرىكەتلىنەلەيدىغان دۇمبە پالاقچىسى سوڭەك تانىسى، تانىنىڭ ئۇچىدا نۇر چىقىرالايدىغان گۆشلۈك باشاقچىسى بار ئىدى، شەكلى گويا قارماق دەستىسىگە ئوخشايتتى.

قارماق دەستىسى سۇدا پۇلاڭلاپ، نۇر چىقىرىدىغان «يەمچۈك»ى ئەتراپىدىكى كىچىك بېلىقلارنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئاچ كۆز كىچىك بېلىقلار تانىنىڭ ئۇچىدىكى «يەمچۈك»نى يېمەكچى بولغىنىدا، ئانگلېر بېلىقى ئېغىزىنى بىرلا ئېچىپ، ئۇ كىچىك بېلىقلارنى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتەتتى.

— دېڭىز - ئوكياندا ئانگلېر بېلىقىغا ئوخشاش «قارماقچى»لار



بەك كۆپ، — دېدى بوكا، — سىلەر ئىنسانلاردا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن هالۋا پىشۇر» دەيدىغان گەپ بارغۇ، بىز بېلىقلار ئارىسىدىمۇ «غورىدىن هالۋا پىشۇرىدىغانلار» بار!

— شۇنداقمۇ؟ — غەۋۋاسچاق سەۋرلىك



www.uyghurkitap.com

بېلىقلارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولدى، — تېزرەك مېنى باشلاپ بارساڭچۇ.

ئۇلار دېڭىز ئاستىدىكى بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان يۇمشاق «قارماق دەستىسى»نىڭ ئۇچىدا رەڭگى بېغىر رەڭ ئارىلاش ئاق رەڭلىك «يەمچۈك» تۇراتتى. ئاچ كۆز بېلىقچانلار ئارقا - ئارقىدىن «يەمچۈك»نىڭ يېنىغا بېرىپ قارماقچىنىڭ مەززىلىك غىزاسىغا ئايلاندى. ئاندىن قارماقچى قارمىقىنى ئارقىسىغا يىغىپ قويۇپ ئارام ئالدى.

— ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق قارماقچى ئىكەن، — بۇ غەۋۋاسچاققا ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلدى، — بوكا، بېلىق تۇتۇش سۇپىسىغا چىقىپ قارماقچىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ !

قورام تاش ئۈستىدە، ئۇزۇنلۇقى ئاران ئون سانتىمېتىرچە كېلىدىغان بېلىق مۆكۈنۈپ ياتاتتى. تېنى مودۇر - چوقۇر بولۇپ، قوڭۇر، قىزىل، قارا رەڭلىك يول - يول سىزىقلار قىيا تاش بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدا چوڭ بېلىقلار ئاسانلىقچە بايقىيالمايتتى. بابا دېگىنىمىزدەك بۇ بېلىقمۇ «سەۋر قىلىپ، غورىدىن ھالۋا پىشۇرىدىغانلاردىن ئىدى.»

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا قارماقچىدىن ئايرىلىپ، يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇزە - ئۇزە، بىر چاغدا غەۋۋاسچاقنىڭ تېنى توك سوققاندەك تىترەشكە باشلىدى، بوكامۇ تېنىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇيۇشۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— توكلۇق سىكاتى بېلىقىغا يولۇقۇپ قاپتۇق !

— نېمە ئۇ توكلۇق سىكاتى بېلىقى دېگەن؟

— بىر خىل توك چىقىرالايدىغان بېلىق، — دېدى بوكا، — سېكۇنتىغا ئەللىك قېتىم توك چىقىرالايدۇ، ھەر قېتىم چىقارغان توكنىڭ بېسىمى سەكسەن ۋولت، دېڭىزدىكى تىرىك ئېلېكتىر ئىستانسىسى دېگەن نامى بار.



توك ئاجىزلىغاندا، غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا توكلۇق سىكاتى بېلىقنىڭ ئالدىغا باردى.

— هەي، توكلۇق سىكاتى بېلىقى، مەن بوكا! — بوكا توكلۇق سىكاتى بېلىقىغا سالام بەردى، — دوستۇم غەۋۋاسچاقنىڭ سەن بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىكەن.

توكلۇق سىكاتى بېلىقى توك قويۇپ بېرىشنى توختاتتى ۋە يېكەن يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىغان تېنىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن مىدىرلىتىپ قويۇپ غەۋۋاسچاقتىن سورىدى:

— نېمە، سەنمۇ رېماتىزىم كېسەللىكىنى داۋالىتاي دەپسەن - دە؟

— مەن رېماتىزىم بولمىسام يا ... — دېدى غەۋۋاسچاق هېچنېمىنى چۈشەنمەي.

توكلۇق سىكاتى بېلىقى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى:

— هەر يىلى تېپىز دېڭىزغا تۇخۇملىغىلى بارغىنىمدا، ساهىلدا نۇرغۇن كىشىلەر رېماتىزىم كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىزنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ رېماتىزمنى داۋالىشىمىز هەرقانداق دورا يېگىنىدىنمۇ ياخشى ئىكەن. بىر قېتىم ...

غەۋۋاسچاق توكلۇق سىكاتى بېلىقىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ، ئۇنىڭ تۇرقىغا سەپسالدى.

توكلۇق سىكاتى بېلىقىنىڭ تېنى ياپىلاق، باش ۋە كۆكرەك قىسىملىرى تۇتىشىپ كەتكەن، بەدىنى قاسراقسىز، سىلىق بولۇپ، كەينىدە توم هەم گۆشلۈك قۇيرۇقى سۆرىلىپ تۇراتتى. كىچىك كۆزلىرى دۇمبىسىنىڭ، ئاغزى قورسىقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقانىدى. ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەش تالدىن ژابرا تۆشۈكچىسى بار ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 1.6 مېتىرچە، كەڭلىكى بىر مېتىرچە بولۇپ، تۇرقى يېكەن يەلپۈگۈچكىلا ئوخشايتتى، تولىمۇ غەلىتە ئىدى.

— توكلۇق سىكاتى بېلىقى، قانداق توك چىقىرىدىغىنىڭنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ بۇ ماڭا بەكلا سىرلىق بىلىنىدى، — دېدى غەۋۋاسچاق توكلۇق سىكاتى بېلىقىنىڭ رېماتىزىم كېسىلىنى داۋالاش هەققىدىكى سۆزىنى بۆلۈپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توكلۇق سىكاتى بېلىقى يەنە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— تېنىمدە سىرتقا قارىتا كۈچلۈك ئېلېكتىر بېسىمى پەيدا قىلالايدىغان غەلىتە بىر ئېلېكتىرلىك ئورگان بار. بۇ ئېلېكتىرلىك ئورگانلار قورسىقىمنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان، شەكلى ياپىلاق بۆرەككە ئوخشايدۇ. ئۇ نۇرغۇنلىغان ھەرە كۆنىكىسىمان ھۇجەيرىلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۇلار ئالتە تەرەپلىك تۈۋرۈك شەكلىدە تىزىلغان بولۇپ، «ئىزولياتور تاختىسى تۈۋرۈكى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەندە جەمئىي ئىككى مىڭ دانە ئىزولياتور تاختىسى تۈۋرۈكى، ئىككى مىليون پارچە ئىزولياتور تاختىسى بار. بۇ ئىزولياتور تاختىلىرىنىڭ ئارىسى يېلىمسىمان ماددىلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئىزولياتسىيەلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. ھەربىر «ئىزولياتور تاختىسى»نىڭ يۈزىدە نېرۋا ئۇچلىرى بار،



ئۈنىڭ بىر يۈزى مۇسبەت، يەنە بىر يۈزى مەنپىي قۇتۇپلۇق. توكنىڭ يۆنىلىشى مۇسبەت قۇتۇپتىن مەنپىي قۇتۇپقا قارىتا بولىدۇ، يەنى دۈمبەمدىن قورسىقىمغا قاراپ ئاقىدۇ. ئىككى ئېلېكترلىك ئورگىنىم نېرۋا ئىمپۇلسى ئارقىلىق نېرۋا ئېنېرگىيەسىنى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇپ، زەرەت قويۇپ بېرىدۇ. ھەربىر «ئىزولياتور تاختا»لىرىم ھاسىل قىلغان ئېلېكتىر بېسىمى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن كۈچلۈك توك ھاسىل قىلالايمەن.

غەۋۋاسچاق بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندا، توكلۇق سىكاتى بېلىقى توساتتىن گېپىنى توختىتىۋالدى.

— قېنى، گېپىڭنى داۋاملاشتۇرمامسەن! — دېدى غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا تەڭلا.

— ئولجام كەلدى! — دېدى توكلۇق سىكاتى بېلىقى غەۋۋاسچاق بىلەن بوكانىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، — ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار، توك قويۇپ بېرىمەن.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا دەرھال قورام تاشلار ئارىسىدىكى بىر

يوچۇققا مۆكۈنۈۋېلىشتى.

كەلگەن «ئولجا» كىچىك ئەمەس، بەلكى ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئاشىدىغان بېلىق ئىدى. توكلۇق سىكاتى بېلىقى توك قويۇپ بېرىشكە باشلىدى، غەۋۋاسچاق بىلەن بوكامۇ بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىشتى. ھېلىقى بېلىق سۇدا بىرقانچە قېتىم سىلكىنىپ، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا جىمىپ، ئاپپاق قورسىقى يۇقىرىغا قاراپ قالدى.

توكلۇق سىكاتى بېلىقى كالانپاي گەۋدىسىنى سۆرىگىنىچە، ئاستا ئۈزۈپ بېرىپ، ئولجىنى ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە توكلۇق سىكاتى بېلىقىمۇ قارماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى كالانپاي ۋە ئېزىلەڭگۈ. ئەمما، تەڭداشسىز «توك قورال»ى بار، شۇڭىمۇ ئولجىسى باشقا قارماقچىلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ.



# مارجان باغچىسى

ئۇلار دېڭىز ئاستىدىكى ئويمانلىقتىن چىقىپ، بىر تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، گۈزەل مارجان باغچىسىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەردىكى مارجانلارنىڭ شەكلى ھەر خىل، رەڭگى خىلمۇخىل بولۇپ، سۈس يېشىل، قىزغۇچ سېرىق، ھال، كۆك، سۆسۈن، قوڭۇر، ئاق رەڭدىكىلىرى بار ئىدى ... قىزىل مارجان



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساغلام كۆچەتكە، تاش مارجان يەردىن ئۈنۈپ چىققان موگۇغا، مېڭىسىمان تاش مارجان ئادەمنىڭ مېڭىسىگە، مۈڭگۈزسىمان مارجان بۇغىنىڭ ئاچىماق مۈڭگۈزىگە، سىلىندىرسىمان مارجان قورام تاش ئۈستىگە ئورنىتىلغان كانايغا ئوخشايتتى.

— دېڭىز ئاستىدىمۇ مۇنچە چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى غەۋۋاسچاق ھەيرانلىق بىلەن، — قۇرۇقلۇقتىكى ئۆسۈملۈكلەردىن قىلچە قېلىشمىغۇدەك.

— خاتالاشتىڭ غەۋۋاسچاق، — دېدى بوكا، — مارجان ئۆسۈملۈك

ئەمەس، بەلكى مارجان قۇرتىنىڭ سۆڭىكى.

— مارجان قۇرتىنىڭ شەكلى زادى قانداق؟ ئۇلارنىڭ سۆڭىكى نېمىشقا ئوخشمايدۇ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق چۈشىنەلمەي.

— مارجان قۇرتى گۆشخور، كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. كىچىك ھەم يۇمشاق مارجان قۇرتلىرى ئورتاق ئەت ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار مارجان قۇرت توپى دېيىلىدۇ. ئورتاق قىسمى مۇڭگۈز ماددا ياكى ھاك ماددىلىق سىرتقى سۆڭەك ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. مارجان قۇرتىنىڭ سەزگۈ قوللىرى بەك قىسقا، ھەممىسىلا ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، دېڭىز سۈيى ھەزىم قىلىش كاۋىكىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭدىكى يېمەكلىك ۋە كالتسىي ماددىسىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. شۇڭا، مارجان قۇرتى توپىنىڭ سۆڭىكىنىڭ شەكلى ھەر خىل، رەڭگى خىلمۇخىل بولىدۇ. دېڭىز ئاستىدا ئىنتايىن گۈزەل بىر سۇ ئاستى باغچىسىنى ھاسىل قىلغان. مارجان باغچىسىدا ياشايدىغان بېلىقلارمۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئۇلارنىڭ قاسراقلىرى تولىمۇ رەڭدار، تېنىمۇ يۇمىلاق، چاسا، رومبا... دېگەندەك ھەر خىل شەكىللەردە.

— ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق سۇ ئاستى باغچىسى ئىكەن، — دېدى غەۋۋاسچاق، — ھەتتا بۇ بېلىقلارچۇ تېخى، خۇددى گۈللۈكتىكى كېپىنەكنىڭ ئۆزى.

— بۇ بېلىقلارنىڭ ئىسمى دەل كېپىنەك بېلىق.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ بېلىقلار قارىغانسېرى كېپىنەككە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قارا رەڭلىك چېكىت، چېكىت ئەتراپىدا ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك جىيەك بار ئىدى. قارا رەڭلىك





چېكىت بېلىقنىڭ باش قىسمىدىكى كۆزىگە ئوخشاپ كېتەتتى. غەۋۋاسچاق بېلىقنىڭ قۇيرۇقىنى بېشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

— ياخشىمۇ سەن، گۈزەل كېپىنەك بېلىق! — دېدى غەۋۋاسچاق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— ياخشىمۇ سەن! — كېپىنەك بېلىق بۇرۇلۇپ جاۋاب قايتۇردى.

كېپىنەك بېلىقنىڭ بېشى ئەسلىدە بۇ ئىكەن - دە. ئۇنىڭ كۆزى باش قىسمىدىكى قارا رەڭلىك سىزىقلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى، قۇيرۇقىدىكى قارا رەڭلىك چېكىتتىن خېلىلا كىچىك ئىدى، شۇڭىمۇ كىشىلەر قۇيرۇقىدىكى قارا رەڭلىك چېكىتنى بىر قارىماققا كۆز دەپ قالاتتى.

— سەن دائىم مۇشۇنداق تەتۈر ئۈزەمسەن؟ — غەۋۋاسچاق بايا ئۇنىڭ ئارقىچە ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى.

— بۇ مېنىڭ يالغاننى راست كۆرسىتىش ھۈنىرىم! — دېدى كېپىنەك بېلىق، — چوڭ بېلىقلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئادەتتە قۇيرۇقىمىزنى باش قىلىپ ئاستا ئۈزىمىز. ئۇلار بىزنى يېمەكچى بولغاندا بېشىمىزنى ئېلىپ قاچىمىز.

كېپىنەك بېلىق سۆزلىگەچ غەۋۋاسچاققا كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ



ئالدى بىلەن قۇيرۇق تەرىپىنى باش قىلىپ غەۋۋاسچاقنىڭ ئالدىغا ئاستا ئۈزۈپ كەلدى، تۇيۇقسىز يەنە يادىن ئېتىلغان ئوقتەك ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. قارىغاندا چوڭ بېلىقنىڭ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشى ئۇنداق ئاسان ئەمەستەك قىلاتتى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كېيىنەك بېلىق بىلەن خوشلىشىپ بىر قىزىل مارجانلىققا كەلدى.

قىزىل مارجانلار دېڭىزدا ئوت يالقۇنى يالقۇنجاۋاتقاندەك مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنىڭ رەڭگىمۇ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا ماس ھالدا قىزىل ئىدى.

— ئاۋۇ چىپار بېلىق، — دېدى بوكا، — ئۇلار تېنىنىڭ رەڭگىنى ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتەلەيدۇ.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا چىپار بېلىق توپىغا ئەگەشتى. چىپار بېلىقلار نەگە بارسا، ئۇلارمۇ شۇ يەرگە باردى. ئۇلار چىپار بېلىقنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى كۆزەتمەكچى

www.uyghurkitap.com

ئىدى.

چىپار بېلىقلار ئاق مارجاننىڭ قېشىغا بېرىۋىدى، رەڭگى دەرھال ئاققا ئۆزگەردى. قىزغۇچ سېرىق مارجاننىڭ يېنىغا بېرىۋىدى، قىزغۇچ سېرىق رەڭگە ئۆزگەردى.

— نېمىدېگەن قالتىس! — غەۋۋاسچاق چىپار بېلىقنىڭ ھەربىر رەڭگىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى، — چىپار بېلىق بىر كۈندە قانچە يەرگە بارسا شۇنچە قېتىم كىيىم ئالماشتۇرىدىكەن - ھە!

— ئۇلارنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى بوكا.

غەۋۋاسچاق بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى.

— سىرتقى مۇھىتنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى غىدىقلىشى ئۇنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، يەنى سىرتقى مۇھىتنىڭ غىدىقلىشى كۆز ئارقىلىق مېڭىگە يەتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن يەنە مېڭە ئارقىلىق رەڭ ھۈجەيرىلىرىنى كونترول قىلغۇچى مۇسكۇل تالالىرىغا يەتكۈزۈلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ





چىقىرىدۇ.

— ئەسلىدە بېلىقلارنىڭ تېنىنى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت رەڭلىمىگەن ئىكەندە! — دېدى غەۋۋاسچاق چۈشەنمىسىمۇ چۈشەنگەن قىياپەتتە، — يەنە مۇنداقمۇ مۇرەككەپ پىرىنسىپ بار تېخى.

— دېمەككە مۇرەككەپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنچە مۇرەككەپمۇ ئەمەس، — دېدى بوكا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چۈشىنىشلىك سۆزلەپ، — بېلىقلارنىڭ تېرە ھۈجەيرىلىرىدە ئۇششاق پىگمېنت دانچىلىرى بار. ئۇلار قىزىل، يېشىل، كۆك دېگەندەك ئۈچ ئاساسىي رەڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەر خىل رەڭلەر دەل مۇشۇ ئۈچ ئاساسىي رەڭنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن.

چىپار بېلىقلار چوڭ خادا تاشلار ئارىسىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ تېنى بوز رەڭگە ئۆزگەردى.

— بۇلار مارجان خادا تاشلىرىمۇ؟

بۇ مارجان خادا تاشلىرى بايىقى دەرەخ، گۈل، ئاخۇنباش شەكىللىك مارجانلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۈچى كۆرۈنمەيتتى، «ئاسمان - پەلەك» دەپ تەرىپلەنسە ئارتۇق كەتمەيتتى.

— بۇ ئەتراپتىكى مارجان تاشلار بەكلا ئېگىز، سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان مارجان



ئاراللىرىدۇر، — دېدى بوكا چۈشەندۈرۈپ.

— بۇ خادا تاش، ئاراللارمۇ مارجان قۇرتىنىڭ سۆڭىكىما؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق.

— شۇنداق، — دېدى بوكا، — ئىسسىق بەلباغدا مارجان قۇرتىنىڭ كۆپىيىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز، قېرىلىرى ئۆلۈپ، يېڭىلىرى ئۆسۈپ تۇرىدۇ، سۆڭەكلىرىمۇ ئۈزۈكسىز تۇردە مۇناردەك توپلىنىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، كۈنلەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يىلسېرى قېلىنلاپ، غايەت زور مارجان خادا تاشلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، مارجان خادا تاشلىرى ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ مارجان ئارىلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

بوكانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسچاق ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن بىر رەسىملىك كىتابنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كىتابتا كىشىلەر مارجان خادا تاش ئاراللىرىدا قۇرغان سانائەت بازىسى، بېلىقچىلىق پورتى، ھەربىي بازىلارنىڭ ۋە ساياھەتچىلىك ئۈچۈن قۇرۇلغان گۈزەل مەنزىرىگاھلارنىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

— ئاۋۇ دېڭىز يۇلتۇزلىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى بوكا غەۋۋاسچاققا مارجان خادا تاش ئۈستىدىكى تىكەنلىك ھايۋاننى كۆرسىتىپ، — ئۇلار مارجان خادا تېشى ۋە ئارىلىغا شۇملۇق ئەكېلىدۇ.

كىچىككىنە دېڭىز يۇلتۇزى ئەجەبا غايەت زور مارجان خادا تېشى ۋە ئارىلىنى يۇتۇۋېتەلەرمۇ؟ غەۋۋاسچاق بوكانىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

بوكا بۇ خىل دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزى دېيىلىدىغانلىقى، مەخسۇس مارجان قۇرتىنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقى،

ئۇنىڭ مارجان خادا تاشقا مەھكەم يېپىشىپ، تېنىنىڭ ئاستىدىكى ئېغىزى بىلەن كېچە - كۈندۈز توختىماستىن يەيدىغانلىقى، بىر يەردىكى مارجان قۇرتىنى يەپ بولسا، يەنە بىر يەرگە يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بىر تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزى بىر ئايدا بىر كۆب مېتىرچە خادا تاش ھاسىل قىلىدىغان مارجان قۇرتىنى يەۋېتىدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق مارجان خادا تاش ھالقىلىرىنىڭ ئون پىرسەنتىنى تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزى ۋەيران قىلغان.

— ئەجەبا ئۇلارنىڭ زىيىنىنى چەكلەشكە بىرەر ئامال يوقمۇ؟

— دەسلەپتە بەزى غەۋۋاسلار ئۇلارنى چېپىپ، كېسىپ يۈردى،







لېكىن تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزى ئازىيىش تۇگۇل، ئەكسىچە كۆپىيىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قايتا ئۆسۈش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، پارچىلانغان، كېسىلگەن ھەربىر پارچىسى ناھايىتى تېزلا بىر مۇستەقىل گەۋدىگە ئايلىنىدۇ، — دېدى بوكا جاۋابەن.

— كېيىنچۇ؟ — غەۋۋاسچاق تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— كېيىن كىشىلەر خىمىيەلىك دورا پۈركۈش، توك سىمى تارتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى، ئەمما ئۈنۈمى يەنىلا دېگەندەك بولمىدى. يېقىندا مەخسۇس تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزىنى يەيدىغان بىر خىل دېڭىز راكى ۋە قۇلۇلىسى بايقالدى. ئۇلار بىلەن تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزىغا تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ، ئۈنۈمىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

غەۋۋاسچاق يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى. ھەرنېمە بولسا تىكەنلىك دېڭىز يۇلتۇزىنىڭ كۆشەندىسى بار ئىكەن.



# بېلىق دوختۇرخانىسى

بوكانىڭ دۇمبىسى تۇيۇقسىز ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭ دۇمبىسىگە تەڭگە چوڭلۇقىدا يارا چىقىپ قالغانىدى.

— قانداق قىلارمىز؟ — غەۋۋاسچاق بەكلا ئەنسىرەپ قالدى، — يارا يىرىڭلاپ قاپتۇ، يۇقۇملىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

— ھېچقىسى يوق، بېلىق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، بېلىق خانقىزغا داۋالاتساقلا بولغىنى، — دېدى بوكا ئانچە بەك ئېرەن قىلماي كەتمەي.

بېلىق دوختۇرخانىسى مارجان خادا تېشىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار دوختۇرخانىغا قاراپ ئۈزدى، يولدا بىر كىچىك بېلىققا يولۇقتى. ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز سانتىمېتىردىن ئاشمايدىغان بۇ بېلىقنىڭ تۇرقى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر ۋە قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ مىختەك

www.uyghurkitap.com

قادىلىپ تۇرغاچقا، ئالدىدىكى كىچىك بېلىقلار قورققىنىدىن مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى.

— نېمانچە قورقۇنچلۇق بېلىق بۇ؟ — غەۋۋاسچاق بۇنداق قورقۇنچلۇق بېلىقنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق بولىدۇ - دە، — دېدى بوكا، — ئۇ دېگەن كىچىك بېلىقلار پادىشاھى، داڭدار شىر بېلىق تۇرسا!

شىر بېلىقنىڭ تېنىنىڭ ئالدى قىسمى ياپىلاق ۋە توم، ئارقا قىسمى ئۇزۇنچاق ياپىلاق بولۇپ، قىزغۇچ قارامتۇل تېنىدە نۇرغۇنلىغان قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك سىزىقچىلار بار ئىدى. بېشى چوڭ، ئاغزى يوغان، چىشلىرى ئۇچ ئاچا شەكىللىك ئىدى. دۈمبىسىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۇچلۇق پالاقچىلىرى بار ئىدى. دۈمبە پالاقچىسى بىلەن بىلەك پالاقچىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، قۇيرۇق پالاقچىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. كۆكرەك پالاقچىسى چوڭ ۋە كەڭ ئىدى، قورساق پالاقچىسى يۇملاق شورىغۇچى تەخسە ھاسىل قىلغانىدى.

شىر بېلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ساقىقىنى كۆپتۈرۈپ سۇ سۈمۈرۈۋىدى، قورقۇپ داڭ قېتىپ قالغان كىچىك بېلىقلار سۇ بىللە ئۇنىڭ ئېغىزىغا كىرىپ كەتتى.

شىر بېلىق ئاغزىدىكى غىزاسىنى مەززە قىلىپ چايناۋاتقىنىدا بىر چوڭ بېلىق ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

شىر بېلىق دەرھال دۈمبە پالاقچىلىرىنى دىڭگايتىپ، سۇر - ھەيۋە كۆرسىتىپ، ھۈرپىيىپ قويدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شىر بېلىقنىڭ ۋەھشىي قىياپىتىنى كۆرگەن بېلىق قورقۇپ يۈرۈلۈپلا قاچتى.

ئەمما، شىر بېلىق بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن قاتتىق چىشلىدى.

شىر بېلىق تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى، چوڭ بېلىقنىڭ بەدىنىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى جاراھەتلەنگەنىدى، شىر بېلىق ئۇنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن بىر پارچە گۆشنى ئۈزۈۋالغاندىن سىرت، بەدىنىنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە شىر بېلىقنىڭ ئۇچلۇق دۇمبە پالاقچىلىرى سانجىلىپ كەتكەنىدى، ئەتراپتىكى دېڭىز سۈيى ئۇنىڭ قېنى بىلەن قىپقىزىل بويىلىپ كەتتى.

چوڭ بېلىقنىڭ ئېلىشىشقا رايى بارماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىر بېلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ، بار كۈچى بىلەن مارجان خادا تاشلىققا قاراپ قاچتى.

— ئۇمۇ بېلىق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ يارىسىنى داۋالىتامدۇ؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق.

— مېنىڭچە شۇنداق، ئۇ ئېغىر يارىلاندى، داۋالانمىسا جەزمەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۇلار چوڭ بېلىققا ئەگىشىپ مارجان خادا تاش يېنىدىكى بېلىق دوختۇرخانىسىغا كەلدى. سېرىق كىيىملىك بېلىق خانقىز كېسەل كۆرۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. كېسەل كۆرسىتىۋاتقان بېلىقلارنىڭ بەزىلىرى بېشىنى يۇقىرىغا قاراتسا، بەزىلىرى تۆۋەنگە قارىتىپ، يەنە بەزىلىرى يېنىچە ياتسا، بەزىلىرى قورسىقىنى يۇقىرىغا قارىتىپ بېلىق خانقىزنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر خىل ھالەتتە تۇرۇشاتتى.

بېلىق خانقىز بىرنەچچە مىنۇتتا بىر بېلىقنىڭ كېسىلىنى داۋالايتتى. نۆۋەت بوكا بىلەن ھېلىقى يارىلانغان بېلىققا كەلدى.

— سەن باشتا داۋالات، سېنىڭ يارىڭ مېنىڭكىدىن ئېغىر، —




دېدى بوكا ئەدەپ بىلەن.

بېلىق خانقىز چوڭ بېلىقنىڭ جاراھەت بىلەن تولۇپ كەتكەن تېنىگە قاراپ:

— مۇنچە يارىلانغۇدەك نېمە ئىش بولغانىدى ؟ — دەپ سورىدى.

چوڭ بېلىق ئاغرىققا چىداپ تۇرۇپ، ئىشنىڭ جەريانىنى بېلىق خانقىزغا سۆزلەپ بەردى.

— تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن، — بېلىق خانقىز مۇلايىملىق بىلەن چوڭ بېلىققا تەسەللى بەردى، — يارا ئېغىزىدىكى بۇزۇلغان توقۇلمىلارنى تازىلىۋەتسەكلا، ھېچ ئىش بولمايدۇ.

بېلىق خانقىز ئۇچلۇق ئېغىزى بىلەن چوڭ بېلىقنىڭ يارىسىدىكى بۇزۇلغان توقۇلمىلارنى چوقۇلاپ تازىلىدى، چوڭ بېلىق ھەر ھالدا ئارام تېپىپ قالدى.

— بولدى ! — دېدى بېلىق خانقىز چوڭ بېلىققا، — بىرقانچە كۈندىن كېيىن جاراھىتىڭ سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ.



چوڭ بېلىق بېلىق خانقىزغا يېنىش - يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتتى.

— رەھمەت ئېيتمايلا قوي، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، يەنە كېلىپ مەنمۇ قورسىقىمنى ئوبدانلا تويدۇرۇۋالدىم، — دېدى بېلىق





خانقىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

چوڭ بېلىق خۇشال هالدا چىقىپ كەتتى. ئەمدى نۆۋەت بوكاغا كەلدى.

— بوكا، — بېلىق خانقىز بوكانى تونۇيتتى، — ئاغرىپ قالدىڭما؟

— دۈمبەمگە يارا چىقىپ قالدى.

— قېنى كۆرۈپ باقاي! — خانقىز بېلىق ئۈزۈپ بوكانىڭ دۈمبىسىگە چىقتى، — هەي، يىرىڭلاپ كېتىپتۇ، يىرىڭنى سۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتەي.

بېلىق خانقىز ئۈچلۈك ئېغىزىنى بوكانىڭ دۈمبىسىدىكى يارىغا چىڭ يېپىشتۇرۇپ، يىرىڭنى ئاز - ئازدىن شوراشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئاغرىقى يۈرىكىگە يەتكەن يارا ئەمدىلىكتە قىچىشىۋاتاتتى.

— بولدى، — دېدى بېلىق خانقىز ئۈچلۈك ئېغىزىنى يارا ئېغىزىدىن ئاجرىتىپ، — يىرىڭنىڭ هەممىسىنى سۈمۈرۈپ چىقىرىۋەتتىم.

— بېلىق خانقىز، — غەۋۋاسچاق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى تەرىپلىگىلى تۇردى، — قۇرۇقلۇقتا كىشىلەر ئۇستا دوختۇرنى «دانا ئەمچى»، «شىپالىق قول» دەپ تەرىپلىشىدۇ، سىزنى دېڭىز - ئوكياندىكى «دانا ئەمچى»، «شىپالىق ئېغىز» دەپ تەرىپلىسەم بولغۇدەك.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى بېلىق خانقىز







كەمتەرلىك بىلەن، — مەن قانداقسىغا سىلەر ئىنسانلارنىڭ دوختۇر - تېۋىپىڭلار بىلەن تەڭ بولاي؟

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا بېلىق دوختۇرخانىسىدا قېلىپ، بېلىق خانقىزنىڭ كېسەل داۋالىغىنىنى كۆردى. بېلىق خانقىز ئالتە سائەتتە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق بېلىقنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى.

بېلىق خانقىز دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بېلىقلارنى داۋالاپ بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە بىكار تۇرماستىن، سىرتقا چىقىپ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ كېسەل كۆردى.

— بېلىق خانقىز ، بېلىق خانقىز ، چىشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، داۋالاپ قويسىڭىز بوپتىكەن، — بېلىق خانقىزنى كۆرگەن چوڭ بىر ئوكۇن بېلىقى ئۇنى چاقىردى.

ئوكۇن بېلىقى ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ تۇردى، بېلىق خانقىز ئۇنىڭ ئېغىزىغا كىردى.

— بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىنى ئەمەسمۇ؟ — دېدى غەۋۋاسچاق بېلىق خانقىزدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى بوكا، — چىشىنى داۋالىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوكۇن بېلىقى ئۇنى چىقىرىۋېتىدۇ.

تۇيۇقسىز بىر يىرتقۇچ ئاكۇلا ئۇدۇل ئوكۇن بېلىقىنى قىستاپ كەلدى.

— بېلىق خانقىز تۇگىشىدىغان بولدى ! — غەۋۋاسچاق بېلىق

خانقىزدىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدى، — چوڭ ئوكۇن بېلىقى بېلىق خانقىزنى يېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاكۇلا ئوكۇن بېلىقىنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ، بېلىق خانقىز تېخىچە ئوكۇن بېلىقىنىڭ ئېغىزىدا تۇرسا!

دەل مۇشۇ خەتەرلىك پەيتتە، ئوكۇن بېلىقى ئاۋۋال بېلىق خانقىزنى ئېغىزىدىن پۇركۇپ چىقاردى - دە، بۇرۇلۇپلا قاچتى. ئاكۇلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپ كەتتى.

بېلىق خانقىز غەۋۋاسچاق بىلەن بوكانىڭ يېنىغا كەلدى. غەۋۋاسچاق ئۇنىڭ ئۆلۈم گىردابىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئەمما، بېلىق خانقىز قىلچە ئېرەن قىلمىغان هالدا:

— بۇنداق ئىشلار بېشىمدىن كۆپ ئۆتكەن، — دېدى.



## كىت جەمەتى

غەۋۋاسچاقنىڭ دېڭىز ئاستىدا ئۇزۇپ يۈرگىنىگە خېلى ئۇزاق بولغاچقا، دېڭىز يۈزىگە چىقىپ ھاۋالىنىشنى ئويلاپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ دېلفىن لۇلۇغا يولۇقۇپ قالدى.

— ئەگەر چارچىغان بولساڭ، دېلفىن لۇلۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋال، ئۇ سېنى دېڭىز يۈزىگە ئاچىقىپ قويىدۇ، — دېدى بوكا غەۋۋاسچاققا.

— مېنى دېلفىنغا ھاپاش بولۇۋال دەۋاتامسەن؟ — غەۋۋاسچاق بوكانى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندى.

— قورقما، — دېدى بوكا، — دېلفىنىنىڭ جۈغى چوڭ بولسىمۇ، بىراق ئۇ تولىمۇ مۇلايىم، يەنە كېلىپ دېڭىز - ئوكياندىكى ئەڭ ئەقىللىق ھايۋان. قۇرۇقلۇقتىكى ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان — ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن مايمۇندىن ئەقىللىق. ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسەن.

ئۇلار دېلفىن لۇلۇغا يېقىنلاپ قالغاندى. پېرىپال بېلىقى بوكا ئالدىغا ئۆتۈپ دېلفىن لۇلۇدىن ئەھۋال سورىدى:

— ياخشىمۇ سەن لۇلۇ، يېڭى دوست بىلەن تونۇشقۇڭ بارمۇ؟

— بوكا، سەن مېنىڭ دوست تۇتۇشنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسەن. خاتالاشمىسام سېنىڭ بۇ دوستۇڭ ئادەمغۇ دەيمەن؟ ئېنىقىنى ئېيتقاندا بىر كىچىك بالا، — دەرۋەقە لۇلۇ ئىنتايىن دوستانە ئىدى.

— سەن ئادەمنى تونۇمسەن؟ — غەۋۋاسچاق بەكلا ھەيران قالدى.

— بىرقانچە يىل ئىلگىرى سەنچىلىك بىر بالىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىم، — دېدى لۇلۇ ئۇ ئىشنى ئەسلەپ، — زور دولقۇن بالىنى دېڭىزغا ئېلىپ كىرگەنىكەن. ئۇ تۇنجۇقۇپ قالايلا دەپ قاپتىكەن. مەن ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى دۈمبەمگە ئارتىپ، قىرغاققا چىقىرىپ قويغاندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسچاق دېلفىننى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دېلفىنگە مىنگۈسى كېلىپ كەتتى، بىراق بوكادىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى.

— قانداقسىغا سەندىن ئايرىلغۇدەكمەن؟ — دېدى بوكا، — سەن دېلفىنگە مىنىۋالساڭ، مەن ئۇنىڭ قورسىقىغا يېپىشىۋالىمەن، بۇنىڭدا بىز ئايرىلمايمىز.

دېلفىن لۇلۇ غەۋۋاسچاقنىڭ مىنىۋېلىشىغا، پېرىپال بېلىقى بوكانىڭ قورسىقىغا چاپلىشىۋېلىشىغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى:

— تېززەك بولۇڭلار، سىلەرنى دېڭىز يۈزىگە ئاچىقىمەن.

غەۋۋاسچاق دېلفىن لۇلۇغا مىنىپ، ئۇنىڭ دۈمبە پالاقچىسىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. لۇلۇ دېڭىز ئاستىدىن دېڭىز يۈزىگە ئۇچقاندەك ئۆرلىدى ۋە بىر يۇلقۇنۇپلا دېڭىز يۈزىگە چىقتى.

ۋاھ! كۆپكۆك ئاسماندا ئاپپاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى، زۇمرەتتەك



دېڭىزدا دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، يىراقتىكى كېمە يەلكەنلىرى ئاق چېكىتلەردەك كۆرۈنەتتى.

— بەك قالتىس بولدى! — غەۋۋاسچاق قىن - قىنىغا پاتماي قالدى، — لۇلۇ، يەنە بىرنى!

دېلفىن لۇلۇ يەنە بىر قېتىم سەكرىدى. بۇ قېتىم غەۋۋاسچاق تىنچ دېڭىز يۈزىدە قوزۇق شەكلىدە ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ تۈۋرۈكىنى كۆردى.

— ئاۋۇ نېمە، لۇلۇ؟

— دېڭىز يۈزىدە ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتقان كىت.

بۇنى ئاڭلاپ غەۋۋاسچاق كىتقا بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ كىتنى تولۇق چۈشىنىشنى بەكمۇ خالايتتى. لۇلۇ ئۇنى مىندۈرگىنىچە «سۇ پۈركۈۋاتقان» كىتقا قاراپ ئۈزدى.

— بېلىقلارنىڭ ھەممىسى ساقىقى (ژابرا) ئارقىلىق سۇ ئاستىدا





www.uyghurkitap.com



نەپەسلىنىدىغان تۇرسا، كىت نېمىشقا دېڭىز يۈزىدىكى ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ؟

— كىت بېلىق ئەمەس.

— كىت دېڭىزدا ياشايدىغان تۇرسا، ئۇ بېلىق بولمىسا، ئەمىسە نېمە؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق چۈشىنەلمەي.

— مەنمۇ دېڭىزدا ياشايمەن، بىراق مەنمۇ بېلىق ئەمەسقۇ ! — دېدى لۇلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بوكا غەۋۋاسچاقنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

— دېلفىن بىلەن كىت ساڭا ئوخشاش سۈت ئەمگۈچى ھايۋان !

لۇلۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا غەۋۋاسچاققا كىت توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

— كىت ئۆپكىسى ئارقىلىق دېڭىز يۈزىدىكى ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ. كىتنىڭ چوققىسىدىكى ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىدا بىر ياكى ئىككى بۇرۇن تۆشۈكى بار. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆپكىسىنىڭ سىغىمى ناھايىتى چوڭ. ھاۋانى قېنىپ سۈمۈرۈۋالغاندىن كېيىن، سۇ ئاستىدا ئون نەچچە مىنۇت تۇرالايدۇ. ھالبۇكى، نەپەس چىقارغاندا زور مىقداردىكى ھاۋانى سىقىپ چىقىرىدۇ. بېسىم ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا، ھاۋا بۇرۇن تۆشۈكىدىن سىرتقا پۈركۈپ چىقىرىلغاندا دېڭىز سۈيىنى قوشۇپ پۈركۈپ چىقىرىپ، خۇددى فونتاندەك دېڭىز يۈزىدىن ئىككى مېتىردىن ئون ئىككى مېتىرغىچە ئېگىز سۇ مۇنارىنى ھاسىل قىلىدۇ.

دېلفىن ئۆزگەچ، سۆزىنى داۋالاشتۇردى:

— كىتنىڭ دۇنيادا 8 ـ 9 خىل تۈرى بار، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ۋە مىجەزى ئوخشىمايدۇ. ئەڭ چوڭى كۆك كىت، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز ئۈچ مېتىر. ئەڭ كىچىكى دەريا دېلفىنى، ئۇزۇنلۇقى ئاران بىر مېتىردىن ئاشىدۇ.

— دېلفىنمۇ كىت تۈرگە كىرەمدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى لۇلۇ، — بىز دېلفىنلارمۇ كىت



تۇرگە كىرىمىز، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، چىشلىق كىت تۇرگە تەۋە.

غەۋۋاسچاقنىڭ كىتقا بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى كۈچەيدى.

— كىت تېخى تۇرگە ئايرىلامدۇ؟

— كىت ئىككى چوڭ تۇرگە ئايرىلىدۇ. بىرى، بۇرۇتلۇق كىت، ئۇلارنىڭ چىشى يوقالغان، كالپۇكىدا بۇرۇتى بار. بۇ تۇردىكى كىتلاردىن بالېنا كىتى، كۆك كىت، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كىت، كۈل رەڭ كىت، مېگاپتېرا كىتى قاتارلىقلار بار.

— يەنە بىر تۇرىچۇ؟

— يەنە بىر تۇرى چىشلىق كىت. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر چىشى بار، بىرقەدەر چوڭ بېلىقلارغا ھۇجۇم قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئىپار كىت، بىگىز تۇمشۇق كىت، مېزوپلودون، يول باشلىغۇچى كىت، يىرتقۇچ كىت، ئاق كىت، تاق مۈڭگۈزلۈك كىت، دەريا دېلفىنى، ئاق پالاقلىق دېلفىن ۋە بىز دېگەن دېلفىنلىرى بار.

ئۇلار ھېلىقى چوڭ كىتنىڭ يېنىغا كەلدى. لۇلۇ غەۋۋاسچاققا ئۇنىڭ مېگاپتېرا كىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.





بېشى يوغان، تېنى دىقماق، قۇيرۇقى ھىلال ئايدەك بۇ مېگاپتېرا كىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە مېتىر كېلەتتى. كۆكرەك پالىقى تۆت مېتىردىن ئارتۇقراق ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. بىر جۈپ كۆكرەك پالىقىنىڭ گىرۋىكىدە گۈللۈك جىيىكى بار ئىدى. سۇ يۈزىگە چىققاندا كۆكرەك پالىقى ئۇزۇن بىلەكتەك تېخمۇ ئۇزۇن كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ دۈمبىسىنى چىقارغىنىچە سۇ يۈزىدە بىرقانچىنى ئىرغاڭلىۋېتىپ، ئاندىن قۇيرۇقىنى كۆتۈرگىنىچە سۇغا شۇڭغۇيتتى. يىراقتىن ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— مېگاپتېرا كىتى بۈرۈتلۈق كىتقا تەۋە. غەۋۋاسچاق، ئۇنىڭ نەرسىلەرنى قانداق يەيدىغانلىقىغا دىققەت قىل.

مېگاپتېرا كىتىنىڭ چىشى يوق ئىدى. ئۈستۈنكى ئېڭىكىدە نۇرغۇنلىغان نېپىز مۈڭگۈز ماددىلىرى بار ئىدى. ئۇ زور مىقداردىكى دېڭىز سۈيى، كىچىك بېلىق ۋە راكلارنى يۇتقاندا، دېڭىز سۈيى كىتىنىڭ بۈرۈتى ئارىسىدىن سىرتقا ئېقىپ چىقىپ، كىچىك بېلىق ۋە راكلار ئۇنىڭ ئېغىزىدا سۈزۈلۈپ قالاتتى. ئاندىن ئۇلارنى يۇتۇۋېتەتتى. كىت بۈرۈتىنىڭ خۇددى ئەلگەككە ئوخشاش سۈزۈش رولى بار ئىدى.

— نېمىشقا ھەممە بۈرۈتلۈق كىتلارنىڭ چىشى يوق؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق لۇلۇدىن.

— بۈرۈتلۈق كىتلار كىچىك بېلىق ۋە راكلارنى يېگەچكە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چىشى ئۆز رولىنى يوقىتىپ، بۈرۈتى تەدرىجىي چىشىنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن.

— ئاڭلاڭلار، مېگاپتېرا كىتى ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ! — بوكا ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

ئۇلار دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشتى. سۇدا «چالتاق - چۇلتۇق» قىلغان ئاۋاز ۋە داتلىشىپ كەتكەن «شارنىر»نىڭ ئاۋازىدەك تاۋۇش ئاڭلاندى، يەنە سۈرەن سالغان، ئىڭرىغان، بوشقىنا ھۆركىرىگەن تاۋۇشلارمۇ ئاڭلاندى.

— بۇ مېگاپتېرا كىتى بوشىنىدىكەن، ئۇ ھاياتلىق قەسىدىسى ئېيتىۋاتىدۇ! — دېدى لۇلۇ.

مېگاپتېرا كىتىنىڭ بالا تۇغىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسچاق ھاياجانلىنىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇ پۈتكۈل جەرياننى سىنىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال مىكرو سىنئالغۇنى تەييارلىدى.

ئانا مېگاپتېرا كىتى تولغاق يەۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىڭراپ قوياتتى، سۇدا توختىماستىن تولغىناتتى.

— قاراڭلار، — لۇلۇ ۋارقىرىۋەتتى، — كىت بالىسىنىڭ بېشى كۆرۈندى!

بىرقانچە سېكۇنت ئىچىدە بالا كىت ئانىسىنىڭ تېنىدىن ئاستا سىيرىلىپ چىقتى.

— يېڭى تۇغۇلغان كىت بالىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر مېتىردىن ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

بۇ كەپسىز تۇغۇلۇپلا ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۇيان - بۇيان ئۈزۈپ يۈرەتتى، گويا ئانىسىغا «ئاپا، قورسىقىم ئاچتى، ماڭا سۈت بېرىڭ!» دېگەندەك قىلاتتى.

ئانا مېگاپتېرا كىتى يېلىنىنى تويۇقسىز تارايتىپ، بالا كىتنىڭ ئېغىزىغا سۈت پۈركۈدى ۋە بالىسىنى سۆرەپ سۇ يۈزىگە ئاچىقتى. بالا كىت سۇ يۈزىدە تۇنجى قېتىم نەپەس ئالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىت جەمەتىگە بىر ئەزا قوشۇلدى.

# دېلفىننىڭ كىت توپىنى قۇتقۇزۇشى

كىتلار ناھايىتى چوڭ بىر ئائىلە. لۇلۇ غەۋۋاسچاقتا خىلمۇخىل كىتلارنى كۆرسەتتى. غەۋۋاسچاق ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلارنى بايقىدى. يەنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىدىغان ئىسسىق قانلىق ھايۋان ئىدى. بالا تۇغۇپ كۆپىيەتتى، يەنى ئانا كىت ھامىلىدار بولۇپ، بىر يىلچە قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن بوشىناتتى. غەۋۋاسچاق يەنە كىت بىلەن بېلىقنىڭ سىرتقى شەكلىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقنى بايقىدى، يەنى بېلىقنىڭ قۇيرۇقى سۇ يۈزىگە نىسبەتەن تىك ھالەتتە، كىتنىڭ قۇيرۇقى ئەكسىچە پاراللېل ھالەتتە ئىدى.

لۇلۇ غەۋۋاسچاقنى مىندۇرۇپ، سۇغا شۇڭغۇش چېمپىيونى ئىپار كىتنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، بىر قارا بالېنا كىتىغا يولۇقۇپ





قالدى.

— ئىپار كىتنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇلۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— ھوي لۇلۇ، تېخى بىلمەمسەن؟ — دېدى قارا بالېنا كىتى جىددىيلەشكەن ھالدا، — نەچچە ئون ئىپار كىت دېڭىز ساھىلىدا ياتىدۇ!

غەۋۋاسچاق كىتلارنىڭ كوللېكتىپ ئۆلۈۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىقىنى يادىغا ئېلىپ:

— ئىپار كىتلار ئۆلۈۋالماقچىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئۇ ئۆلۈۋېلىش دېگەن؟ — دېڭىز - ئوكياندا ياشايدىغان لۇلۇ ئۆلۈۋېلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى، — دەرھال بېرىپ قاراپ باقايلى.

لۇلۇ غەۋۋاسچاقنى مىندۈرۈپ تېخىمۇ تېز ئۈزدى.

دېڭىز قىرغىقىغا ئاز قالغاندا لۇلۇ دېڭىز يۈزىگە ئېتىلىپ چىقتى.

— ئۇلار ئاۋۇ يەردىكەن! — دەپ توۋلىدى غەۋۋاسچاق. ئۇ يىراقتىن ساھىلدا خىرە-شىرە نەرسىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى. لۇلۇ سۈرئىتىنى يەنە تېزلەتتى.

لۇلۇ يەنە بىر قېتىم سۇ يۈزىگە ئېتىلىپ چىقتى. غەۋۋاسچاق تېخىمۇ ئېنىق كۆردى. دەرۋەقە نەچچە ئون ئىپار كىت ساھىلدا قالايمىقان ياتاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر دېڭىزدىن چېلەكتە سۇ توشۇپ ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تۆكۈۋاتاتتى.

— ئاق كۆڭۈل كىشىلەر، ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا، — دېدى لۇلۇ، — ئىپار كىتلارنىڭ بەدىنىنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

— ئۇلار نېمىشقا دېڭىزغا كىرمەيدۇ، — دېدى غەۋۋاسچاق، ئىپار كىتنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى، — ھېرىپ قالغان بولسا ساھىلدا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتامدىغاندۇ يا؟

— راستلا قىزىقچىكەنسەن، — دېدى خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان بوكا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىپار كىتمۇ بېلىقلارغا ئوخشاش سۇدىن ئايرىلالمايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سۇدىن ئايرىلالمىغانىكەن، نېمىشقا يەنە بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟

— مېنىڭچە بۇ مۇنداق ئىش، — دېدى لۇلۇ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، — بۇ بىر توپ ئېپار كىت دېڭىز دولقۇنىغا ئەگىشىپ قىرغاققا چىقىپ قالغان، دولقۇن قايتقاندا ساھىلدا توختاپ قالغان.

— تەھلىلىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق بولدى لۇلۇ، — دېدى غەۋۋاسچاق قايىللىق بىلەن، — دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە بۇ ئېپار كىتلار دېڭىزغا ساق - سالامەت قايتىپ كېلەمدۇ؟

— قارىغاندا پات ئارىدا دولقۇن كۆتۈرۈلمەيدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى لۇلۇ تەشۋىشلىنىپ، — ھازىرقى مۇھىم ئىش ئۇلارنىڭ تېرىسىنىڭ نەملىكىنى ساقلاش، شۇندىلا بۇ ئېپار كىتلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

— قىرغاققا چىقىمەن! — غەۋۋاسچاق لۇلۇنىڭ سۆزىنى قىرغاقتىكى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

غەۋۋاسچاق قىرغاققا چىقىپ غەۋۋاسلىق كىيىمىنى سالدى.



كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىپار كىتكە سۇ توشۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

غەۋۋاسچاق ئۇدۇل قىزىل مايكىلىق بىر كىشىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى. قارىماققا ئۇ بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى.

— تاغا، — غەۋۋاسچاقنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — سىلەر جەزمەن دېڭىز دولقۇنى كېلىشتىن بۇرۇن، كىتلارغا سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىڭلار لازىم.

— ئەلۋەتتە، بىز شۇنداق قىلىۋاتىمىز، — قىزىل مايكىلىق كىشى ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. شۇڭا، غەۋۋاسچاققا قاراپمۇ قويماستىن جاۋاب بەردى.

— سىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟ — غەۋۋاسچاق ئۇنىڭ



ئارقىسىدىن قالماي ئەگەشتى.

— ئىپار كىت ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان، ئۇلارنى قوغداشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، — ئۇ غەۋۋاسچاقنى تولا سۆزلەپ، ئىشىمغا دەخلى قىلىۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلىپ قالغانىدى.

غەۋۋاسچاق قىزىل مايكىلىق كىشىنىڭ كەينىدىن توختىماستىن سۆزلەپ ماڭدى.

— بۇنداقتا بەكلا جاپا تارتىپ كېتىسىلەر، نېمىشقا سۇ پومپىسى ئىشلەتمەيسىلەر؟

قىزىل مايكىلىق كىشى دەرھال قەدىمىنى توختاتتى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ غەۋۋاسچاقنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر سەپسالدى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ:

—— هوي كەپسىز، بەك جايىدا گەپ قىلدىڭ ! — دېدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ بىر يۈك ماشىنىسىدا سۇ پومپىسى ئېلىپ كېلىندى. موتور گۇرۇلدەپ ئايلىنىشقا باشلىدى، توم ۋە ئۇزۇن تۇرۇبا دېڭىز سۈيىنى تارتىپ ئەكېلىپ كىت توپىغا چاچتى.

غەۋۋاسچاق ئېگىز ھەم چوڭ قىيا تاش ئۇستىگە چىقىۋېلىپ ئىپار كىتلارنى بىرمۇبىر ساناپ چىقتى، كىتلار چوڭ - كىچىك بولۇپ جەمئىي سەكسەن ئىدى.

بۇ ئىپار كىتلارنىڭ بېشى ساندۇققا ئوخشاش يوغان ئىدى. بېشى ئېغىر، قۇيرۇقى يېنىك بولۇپ، يوغان بېشى تېنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيتتى، ھەسسىلەپ چوڭايتىلغان غايەت زور قومچاققا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستۈنكى ئېڭىكى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ چىشى يوق ئىدى. ئاستىنقى ئېڭىكى كىچىك بولسىمۇ نۇرغۇن چىشى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى يىگىرمە مېتىر، ئېغىرلىقى ئاتمىش توننا كېلەتتى. لۇلۇ ئۇلارنىڭ چىشلىق كىتلار ئىچىدىكى ئېغىرلىق چېمپىيونى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.



— دولقۇن كۆتۈرۈلدى ! دولقۇن كۆتۈرۈلدى ! — كىشىلەر تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. دېڭىز سۈيى تەدرىجىي دېڭىز قىرغىقىغا تاشتى.

كىت توپى ھەرىكەتكە كېلىپ، بىر - بىرىگە ئەگىشىپ دېڭىزغا قاراپ ئۈزدى. كىشىلەر چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىپار كىتنىڭ دېڭىزغا قايتىشىغا قاراپ تۇرۇشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا بىھوش بولغان بىر ئىپار كىت بالىسى يەنىلا ساھىلدا ياتاتتى. بىر چىشى كىت، ئانىسى بولسا كېرەك، كىت بالىسىنى سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى، ئەمما بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. كىت بالىسىدىن سادا چىقمىدى. چوڭقۇر سۇ رايونىغا بېرىپ بولغان ئىپار كىت توپى ساھىلغا يەنە قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جىمجىتقىنا يېتىشتى.

كىشىلەر ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئەجەبا ئىپار كىت توپى راستلا ئۆلۈۋالماقچىمىدۇ؟

كىشىلەر تولىمۇ تىت - تىت بولۇشتى. سۇ ئاز - ئازدىن

www.uyghurkitap.com



پەسلەپ كېتىۋاتاتتى، ھالبۇكى بۇ بىر توپ كىت جاھىللىق بىلەن تېيىز سۇ رايونىدا تۇرۇشماقتا ئىدى. سۇ تارتىلىپلا كەتسە ئۇلار يەنە خەتەردە قالاتتى.

كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا دېڭىز يۈزىدە بىر توپ دېلفىنلار پەيدا بولدى، يول باشلاپ ماڭغىنى دەل لۇلۇ ئىدى. ئېنىقكى ئۇلار كىت توپىنى قۇتقۇزغىلى كەلگەنىدى.

نەچچە ئون دېلفىن ئىپار كىتنىڭ ئارىسىغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ئەگىپ، كىتلارغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك بەدىنىنى ئۇلارغا يېنىك تەگكۈزۈشەتتى.

كىت توپى يەنىلا قىمىر قىلماي ياتاتتى.

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي. غەۋۋاسچاق غەۋۋاسلىق كېيىمىنى كىيىپ دېڭىزغا چۈشۈپ لۇلۇنى ئىزدەپ تاپتى.

— لۇلۇ، بۇ كىتلارغا نېمە بولدى؟

دېلفىنلارمۇ لۇلۇنى ئورىۋېلىپ، كىت توپىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كېڭەشمەكتە ئىدى.

— ھەممىسى ئاغرىپ قالغان ئاشۇ بالا ئىپار كىت ئۈچۈن، — دېدى لۇلۇ، — كىت توپى ئىنتايىن مېھرىبان، ئۇلارنىڭ ساھىلغا قايتىپ كېتىشى سەكراتتا ياتقان ئىپار كىت بالىسىنى تاشلاپ قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن بولغان. ھەي، بۇ بىر توپ ئىپار كىتلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاشۇ بالا ئىپار كىت تېزرەك ئۆلۈپ كەتسىمۇ بوپتىكەن.

بۇ چاغدا غەۋۋاسچاقنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال يالت قىلىپ كەلدى - دە، «مېنىڭ ئامالىم بار» دېگىنىچە قىرغاققا قاراپ ئۈزدى.

قىرغاققا چىققاندىن كېيىن غەۋۋاسچاق قىزىل مايكىلىق كىشىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالغان ھېلىقى بالا ئىپار كىتنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى.

— ئىپار كىت دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋان تۇرسا، مەن قانداقسىغا ... — قىزىل مايكىلىق كىشى غەۋۋاسچاقنى ساراڭدەك گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاشۇ 79 ئىپار كىتىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سىز جەزمەن سەكراتتا ياتقان ئاشۇ بالا ئىپار كىتنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىڭىز كېرەك.

ئارقىدىنلا غەۋۋاسچاق لۇلۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىزىل مايكىلىق كىشىگە قايتا بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— شۇنداق قىلمايمۇ بولمىغۇدەك، — دېدى قىزىل مايكىلىق كىشى بىردىنلا ئېسىنى تاپقاندەك.

پاڭ - پۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سەكراتتا ياتقان بالا ئىپار كىتنىڭ بېشىغا بىرقانچە پاي ئوق تەگدى.

كىت توپى ئۆرۈتۆپە بولۇشۇپ، قىپقىزىل دېڭىز سۈيىنى قوچۇشقا باشلىدى.

لۇلۇ دېلفىن توپىنى باشلاپ كىت توپىنىڭ ئارىسىغا كەلدى. ئازابلانغان ھالدا ئىپار كىتلارغا بەدىنىنى يېنىككىنە تەگكۈزدى. ئاندىن ئۇلارنى باشلاپ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايىغا قاراپ ئۈزۈپ ماڭدى.

كىشىلەر بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. ئۇلار دېلفىن توپى بىلەن كىت توپى پايانسىز دېڭىزدا ئاستا - ئاستا غايىب بولغانغا قەدەر، ئارقىسىدىن ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتى.



# قوش ماكانلىق بېلىق

ئىپار كىتلارنى ئۈزىتىپ قويغاندىن كېيىن، غەۋۋاسچاق ئەسلىدە قۇرۇقلۇقتا بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن دېڭىزغا چۈشمەكچى بولغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ساھىلدا يەنە بىر خىل «قىرغاقتا تۇرۇپ قالغان» بېلىقنى بايقاپ قالدى. ئەمما، بۇ خىل بېلىق بەكلا كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئون سانتىمېتىرمۇ كەلمەيتتى.

بۇ كىچىك بېلىقلار ساھىلدا ئۇيان - بۇيان ئۆمىلەپ يۈرەتتى، بەزىدە ھەتتا سەكرەپمۇ قوياتتى.

— تېز، تېز دېڭىزغا قايتىپ كېتىڭلار، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىسىلەر، — دېدى غەۋۋاسچاق ئۇلارنى سۇغا ھەيدەپ.

بۇ بېلىقلار غەۋۋاسچاقنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، قېرىشقاندەك قۇرۇقلۇققا قاراپ قاچتى. بەزىلىرى ساھىلدىكى كانىماش چوڭلۇقىدىكى تۆشۈكلەرگە كىرىۋالدى.



— ئۇلار نېمىشقا دېڭىزغا قايتمايدىغاندۇ؟

ئويلاشقا كۆپ ۋاقىت يوق، ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇش مۇھىم.

غەۋۋاسچاق بېلىق تورى تېپىپ كېلىپ، ساھىلدىكى بارلىق بېلىقلارنى، ھەتتا كىچىك كامارغا كىرىۋالغانلىرىنىمۇ قويۇۋەتمەستىن تورغا يىغدى.

— ئەمدى قاچقىنىڭلارنى بىر كۆرەي! — دېدى غەۋۋاسچاق غالىبلارغا خاس مەغرۇرلۇق بىلەن، — شۇنچە چوڭ كىتلارغا تاقابىل تۇرالىغان يەردە، سەن شۇمتەكلەر نېمە ئىدىڭلار!

غەۋۋاسچاق غەۋۋاسلىق كىيىمىنى كىيىپ، بېلىقلارنى چوڭقۇر دېڭىزغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ساھىلغا قايتا چىقىشىنى توسماقچى بولدى. ئۇ توردىكى بېلىجانلارنى ئېلىپ چوڭقۇر دېڭىزغا قاراپ ئۈزدى.

— غەۋۋاسچاق! غەۋۋاسچاق!

بۇ بوكانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— بوكا، قەدىناس دوستۇم، سېنى يەنە ئۇچرىتارمەن، دەپ ئويلاپ باقماپتىمەن، — غەۋۋاسچاق خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى.

— مەن ئىزچىل سېنى ئىزدىدىم، سېنىڭ يەنە دېڭىزغا چۈشىدىغىنىڭنى بىلەتتىم، — بوكا غەۋۋاسچاقنىڭ توردا بېلىق



كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، — بۇ سىنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟

— بۇ بېلىقلار ساھىلدىن دېڭىزغا قايتقىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتمىسۇن دەپ، ئامالسىز مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللاندىم.

— كۆرۈپ باقايچۇ، قانداق بېلىقلاركىن.

غەۋۋاسچاق بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋەتتى. بوكا بۇ بېلىقلارنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— گوبىيىس بېلىقى ئىكەن.

— بوكا، سېنىڭ بۇ ئاغىنەڭ تولىمۇ قاملاشمىغان بىرنېمە ئىكەن !

— بىزنى نېمىشقا تورغا سولىۋالدۇ؟ نېمىشقا ساھىلدا ئوينىغىلى قويمايدۇ؟

قويۇۋېتىلگەن گوبىيىس بېلىقلىرى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ غەۋۋاسچاققا دوق قىلىشتى.

— نېمە، ئەجەبا مېنىڭ قىلغىنىم خاتامۇ؟ — غەۋۋاسچاق كۆڭلىدە قىلچە خاتا قىلمىدىم، دەپ ئويلىدى، — بوكا، سەن ماڭا بېلىق دېگەن ساقىقى بىلەن نەپەسلىنىدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋان، ئۇلار ساقىقىدىكى قىل قان تومۇرلارغا تايىنىپ سۇدىكى ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، كاربون (Ⅵ) ئوكسىدنى قويۇپ بېرىدۇ، بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ئوكسىگېن يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېمىگەنمىدىڭ؟







— گوبىيېس بېلىقى ساقىقى بىلەن نەپەسلەنگەندىن باشقا، يەنە تېرىسى ۋە ئېغىزىدىكى يېپىشقاق پەردىسىگە تايىنىپمۇ نەپەسلىنەلەيدۇ، شۇڭا ئۇلار قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشىيالايدۇ ...

— بىز يەنە دەرەخكىمۇ چىقالايمىز ! — گوبىيېس بېلىقى بوكانىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— پو ئاتماڭلار ! — غەۋۋاسچاق ئىشەنمىدى، — سىلەرنىڭ پۇتۇڭلار بولمىسا، دەرەخكە قانداق چىقالايسىلەر؟



— بىزنىڭ كۆكرەك پالاقچىمىزنىڭ ئۆزى پۇت، — گوبىيېس بېلىقى دانىشمەنلەرچە جاۋاب بەردى، — بىز دەرەخكە چىقىپلا قالماي يەنە سەكرىيەلەيمىز! شۇڭا كىشىلەر بىزنى يەنە سەكرىگەك بېلىقمۇ دېيىشىدۇ.

گوبىيېس بېلىقىنىڭ كۆكرەك پالاقچىسى راستىلا بىلەك شەكلىدە بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىككى پۇتىغا ئوخشايتتى.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە، — غەۋۋاسچاق ئىنتايىن خىجىل بولدى، — نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىلەر؟ بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىپ يۈرمەيتتىم ئەمەسمۇ؟

— ئۇ چاغدا ئېغىزىمىزدا لىق سۇ بار ئىدى، گەپ قىلالمايتتۇق، — دېدى گوبىيېس بېلىقى.

— يەنە بىر غەلىتە ئىش — نېمىشقا ئېغىزىڭىزغا لىق سۇ ئېلىۋالىدۇ؟

— خۇددى ئۈشنەڭدىكى ئوكسىگېن تۈگىگەندە ئوكسىگېن قاچىلىۋالساڭ سۇ ئاستىدا تۇرۇش ۋاقتىڭ ئۇزارغانغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى سۇ نەپەسلىنىشىگە ياردەم بېرىپ، قۇرۇقلۇقتا تۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

— بوكانىڭ ئوخشىتىشى تولىمۇ جايىدا بولدى، ئاددىي تىل بىلەن



چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەپ بەردى.

غەۋۋاسچاقنىڭ ماختىنىشىنى ئاڭلاپ، بوكا تېخىمۇ دادىللىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— دۇمبەڭدىكى ئوكسىگېن تۇڭىغا كەلسەك، مېنىڭچە تۆت كۆز بېلىق دېيىلىدىغان بىر خىل بېلىق بۇ ئوخشىتىشقا تېخىمۇ بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا سۇ ساقلايدىغان سۇيۇقلۇق قېپى بار، دۇمبەڭدىكى ئوكسىگېن تۇڭىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

— تۆت كۆز بېلىقمۇ گوبىيېس بېلىقىغا ئوخشاش ھەم سۇدا، ھەم قۇرۇقلۇقتا ھايات كەچۈرەلەيدىغان قوش ماكانلىق بېلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى غەۋۋاسچاق بوكادىن.

— شۇنداق، — دېدى بوكا، — تۆت كۆز بېلىق سۇدا تېرىسى ۋە ساقىقى بىلەن نەپەسلىنىدۇ. قۇرۇقلۇقتا چىققاندا، سۇيۇقلۇق خالتىسى توختىماستىن سۇ تەركىبلىرىنى چىقىرىپ ساقىقىغا يەتكۈزۈپ، ساقىقىنى سۇدىكى ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇ تەركىبىنى پۈتۈن بەدىنىگە تارقىتىپ تېنىنىڭ نەملىكىنى ساقلايدۇ.





— كارامەت ئىكەن !

— بۇ غەلىتە بېلىقنى قەيەردىن تاپالايمىز؟

— ئۇلارنى تېپىش تەس ئەمەس، — دېدى بوكا، — تۆت كۆز بېلىق دېڭىز قولتۇقىنىڭ تېيىز سۇ رايونىدا ئۈزۈپ ئويناشقا ئامراق.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا دېڭىز قولتۇقىغا قاراپ ئۈزدى. تېيىز سۇ رايونىغا كەلگەندە، سۇ يۈزىدە يالتىراپ تۇرغان مارجانلار كۆرۈندى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ! — غەۋۋاسچاق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تووۋلاپ كەتتى.

— نېمىنى كۆردۈڭ؟ — بوكا سۇ يۈزىنى كۆرەلمەيتتى.

— چىرايلىق مارجانلارنى كۆردۈم.

— ئۇ دېگەن تۆت كۆز بېلىقنىڭ كۆزى، — دېدى بوكا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇلارنىڭ كۆزى تۇغما ئاسمانغا قارامدۇ؟

— يەنە ئىككى كۆزى ئاستىدا، سۇ ئاستىنى كۆرىدۇ.

— ئۇلارنىڭ تۆت كۆز بېلىق دەپ ئاتىلىشى بىكار ئەمەس ئىكەن -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ده.

غەۋۋاسچاق ھېلىقى «چىرايلىق مارجان»لارغا قاراپ ئۈزدى. ئەسلىدە تېنى سۈزۈك، ئون بەش سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى نەچچە مىڭلىغان تۆت كۆز بېلىق بىر يەرگە توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار بەزىدە بوشلۇققا سەكرەپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يېسە، بەزىدە سۇ ئاستىغا چۆكۈپ يۇسۇنلەرنى، قاسراقلىق ھايۋانلارنى يەيتتى.

— غەۋۋاسچاق، قارا! — دەپ ۋارقىرىدى بوكا.

غەۋۋاسچاق دەرھال سۇغا چۆكتى. ئۇ كۆمۈش يىڭنىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇنلىغان تۆت كۆز بېلىق بېلىجانلىرىنىڭ چىشى بېلىقنىڭ قورسىقىدىن ئۈزۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— كۆردۈڭمۇ، بۇمۇ تۆت كۆز بېلىقنىڭ ئالاھىدە بىر يېرى، — دېدى بوكا، — چىشى بېلىق بىۋاستە بېلىجانلايدۇ، باشقا بېلىقلاردەك ئالدى بىلەن تۇخۇملاپ، ئاندىن تۇخۇمدىن بېلىجان چىقارمايدۇ.

كۆتۈرۈلۈپ كەلگەن دولقۇن تۆت كۆز بېلىقلارنى ساھىلغا ئاچىقىپ قويدى.



# قوراللىق بېلىق

تىنچ ئوكيانىنىڭ تىروپىك بەلباغ دېڭىز رايونىدىكى مارجان خادا تاشلار ئارىسىدا غەۋۋاسچاق بېشىدا مۈڭگۈزى، قۇيرۇقىدا تىكىنى بار بىر توپ بېلىقلارنىڭ ئۇلارغا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قورقىنىدىن نە دالدا بولغۇدەك، نە مۆكۈنگۈدەك جاي تاپالماي قالدى.

— قورقما، — دېدى بوكا، — بۇ كەركىدان بېلىقلار قارىماققا ۋەھشىيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمما ئۇلار ئەزەلدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلمايدۇ.





بوكانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسچاقنىڭ قورققىنىدىن ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان يۈرىكى جايىغا چۈشتى ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، كەركىدان بېلىق توپىغا قاراپ ئۈزدى. دەرۋەقە بوكانىڭ دېگىنىدەك، تۇرقىدىن ۋەھشىي كۆرۈنىدىغان بۇ بېلىقلار ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن يول بوشىتىپ بەردى. ئۇلار غەۋۋاسچاقنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ، ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىشاتتى، غەۋۋاسچاقمۇ ئۇلارغا قارايتتى.

ئۇلارنىڭ كەركىدان بېلىق دەپ ئاتىلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. كۆزىنىڭ يېنىدا مۈڭگۈزى بولۇپ، ئافرىقا يەككە مۈڭگۈزلۈك

كەركىدانىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. كەركىدان بېلىقىنىڭ تېرىسى قېلىن قاسراق بىلەن ئورالغاندى. دۈمبە ۋە قورساق پالاقچىسى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، پالاقچە تىكىنى ۋە يۇمشاق ئۇزۇش تىكىنىدىن تۈزۈلگەندى. قۇيرۇقى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك رولغا ئوخشايتتى، بەزىلىرىنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئىنچىكە ئۇزۇن قۇيرۇق يىڭنىسى بار ئىدى.

غەۋۋاسچاق كەركىدان بېلىق بېلىقچانلىرى بىلەن يېتىلگەن كەركىدان بېلىقىنىڭ سىرتقى شەكلىدە ناھايىتى زور پەرق بارلىقىنى بايقىدى. كەركىدان بېلىق بېلىقچانلىرىنىڭ تېنى يۇمىلاق، سۈزۈك بولۇپ، قاسراقلىرى تارغاق شەكىللىك ئىدى. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى تىكىنى ئۇزۇن ھەم قاتتىق، ئۇنىڭ كەينىدىكىلىرى ئىنتايىن قىسقا ئىدى. يۇمشاق پالىقى تېخىمۇ قىسقا ئىدى. ھالبۇكى، يېتىلگەن كەركىدان بېلىقلىرىنىڭ تېنى ئېللىپس شەكىللىك، پالاقچە تىكەنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئىدى.

— كەركىدان بېلىقىنىڭ يېتىلىش جەريانىدىكى تەن ئۆزگىرىشى زور. ئۇنىڭ قوغدىنىش قورالى بولغان مۈڭگۈزى ۋە تىكىنى بۇ جەرياندا ئۆسۈپ چوڭىيىدۇ. يېتىلگەن كەركىدان بېلىقىنىڭ قۇيرۇق





ئۇمۇرتقىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالدىغا بۇرتۇپ چىققان ئەگمەچ سۆڭەك ماددىسى تاختىسى، يەنى قۇيرۇق تىكىنى ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ پىچاقتەك ئۆتكۈر، — دېدى بوكا غەۋۋاسچاققا چۈشەندۈرۈپ.

كەركىدان بېلىقنىڭ كۈچلۈك قورالى بولسىمۇ، جېدەل تېرىپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلمايتتى. كىچىك بېلىقچانلار ئۇلارنىڭ يېنىدا خاتىرجەم ئۈزۈپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن غەۋۋاسچاق تولىمۇ ھەيران بولدى.

بېلىقچانلارنى يېمىسە، كەركىدان بېلىقلار نېمە يەيدىغاندۇ؟

غەۋۋاسچاق كەركىدان بېلىقنىڭ دېڭىز يۈسۈنى، دېڭىز ئوتى قاتارلىق دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنى يەيدىغان ئوتخور بېلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. دېڭىزدا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى مول، ھاياتلىق ئۇچۇن ئۇرۇش - جېدەل قىلىش بىھاجەت، ئۇلارنىڭ خۇددى مەنزىرە رەسىمىدىكىدەك مارجان خادا تاشلىرى ئارىسىدا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۈزۈپ يۈرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

تۇيۇقسىز پەيلى يامان بىر توپ چوڭ بېلىق كېلىپ كەركىدان بېلىق توپىغا تاشلاندى.





كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كەركىدان بېلىقلارنىڭ بايىقى سىپايە تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە جەڭگە ھازىرلانغان جەسۇر جەڭچىلەرگە ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ تېنى نۇرلىنىپ رەڭلىرى روشەنلىشىپ كەتتى، ھەتتا سۇس يېشىل رەڭلىك نۇر چىقىرىشقا باشلىدى.

كەركىدان بېلىقلار چوڭ بېلىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قىلچە ئالاقزەدە بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار ئۇچلۇق مۈڭگۈزلىرىنى ئۇدۇللىغىنىچە باتۇرلۇق بىلەن چوڭ بېلىقلارغا ئېتىلدى، قۇيرۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆت تال ئۆتكۈر تىغى بىلەن ئوڭ ـ سولغا نەشتەر ئۇرۇپ، چوڭ بېلىقلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

— غەلىبە قىلدى ! — غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كەركىدان بېلىق ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشتى.

كەركىدان بېلىقلار مارجان خادا تاشلار ئارىسىدا يەنە خاتىرجەم ئۈزۈشكە، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان دېڭىز يۇسۇنى ۋە دېڭىز ئوتىنى ئىزدەپ يېيىشكە باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

— دېڭىزدا كەركىدان بېلىققا ئوخشاش قوراللىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېلىقلار تولا، — دېدى بوكا، — مەسىلەن، بۇ مارجان تاشلار ئارىسىدا بالىستېس بېلىقى دېيىلىدىغان يەنە بىر خىل بېلىق بار.

— بالىستېس بېلىقى؟ — بۇ ئىسىمنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا غەۋۋاسچاقنىڭ يادىغا تاپانچا تەپكىسى كەلدى. ئۇ ئىسمى ئادەتتىكىچە بولمىغان بۇ بېلىقنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

بوكا غەۋۋاسچاقنى باشلاپ مارجان تاشلار ئارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ غەۋۋاسچاققا سەپسېلىپ قاراشنى، بالىستېس بېلىقىنىڭ تېنىدە تەڭگىسىمان داغلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ رەڭگارەڭ مارجان تاشلىرى ئارىسىدا نىقابلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقى، شۇڭىمۇ بۇ بېلىقنى ئاسانلىقچە بايقىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىزدە - ئىزدە، غەۋۋاسچاق خادا تاش ئارىسىدىن بىر بالىستېس بېلىقىنى بايقىدى. بۇ بېلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز سانتىمېتىر كېلەتتى، بەدىنى ئاق رەڭلىك چېكىتلەر بىلەن قاپلانغان، ئېغىز -



بۇرنى ئاق رەڭلىك چەمبەر بىلەن ئورالغانىدى، بېيجىڭ تىياتىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ گىرىملىك يۈزىگە ئوخشاپ قالاتتى. تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى ئۇنىڭ ئاغزى چوشقىنىڭ بۇرنىغا ئوخشايتتى.

بالىستېس بېلىقى غەۋۋاسچاقنى كۆرۈپ، دەرھال مارجان تاشنىڭ تۆشۈكىگە قاراپ ئۈزدى. قارىماققا ئۇ بۇ تۆشۈككە پاتمايدىغاندەك قىلاتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ پالاقچىلىرىنى يىغىپ، يوچۇققا قىستىلىپ كىردى، ئاندىن پالاقچىلىرىنى قايتا يېيىپ، ئۆزىنى تۆشۈككە قاپساپ قوغداندى.

— بوكا، بۇ غەلىتە مەخلۇق نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى بالىستېس بېلىقى بوكادىن. ئۇ بوكانى تونۇيتتى، يەنە غەۋۋاسچاقنى «غەلىتە مەخلۇق» دەپ ئاتىغانىدى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم غەۋۋاسچاق، ئۇ تەپكەڭنى كۆرۈپ باقماقچى، — دېدى بوكا.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە، سېنىڭ دوستۇڭ ھەم مېنىڭ دوستۇم! — بالىستېس بېلىقى دۈمبە پالاقچىسىنى يىغىشتۇرۇپ، مارجان خادا تاش تۆشۈكىدىن چىقتى.





بالىستېس بېلىقى غەۋۋاسچاقنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بەدىنىدىكى تەپكىسىنى قانداق ئېچىپ ياپىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ دۈمبە پالاقچىسىنى ئاچقاندا، دۈمبىسىدىكى ئىككىنچى تىكىنى ئالدىغا يۆتكىلىپ، بىرىنچى تىكىنىنىڭ ئاستىدىكى ئويمانغا كىرىپ، دۈمبە پالاقچىسىنى مۇقىملاشتۇراتتى؛ ئۈچىنچى تىكىنى ئىككىنچى تىكىنىنى ئويماندىن تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، بىرىنچى تىكىنى قويۇپ بېرىلىپ، دۈمبە پالاقچىسى يىغىلاتتى.

بالىستېس بېلىقىنىڭ قورالى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە ئىدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا بالىستېس بېلىقى بىلەن خوشلىشىپ، مارجان تاشلىرى ئارىسىدىن يېنىپ چىقىپ، ئالدى تەرەپتىن ئۈزۈپ كېلىۋاتقان بىر توپ غەلىتە بېلىقنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بېشىدا سەدەپكە ئوخشايدىغان قاتتىق قېپى بار بولۇپ، بېشىغا تەكشى كېيىلىپ تۇراتتى.

— ئۇلار تاشپاقىمۇ ياكى بېلىقمۇ؟ — غەۋۋاسچاق بوكادىن سورىدى.

— بېلىق، ئۇلار قالقان بېلىق دېيىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بوكا.

— ئۇلارنىڭ بېشىدا قالقانغا ئوخشاش مۇستەھكەم قېپى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانمۇ؟

— سەن تەسەۋۋۇرغا بەك باي ئىكەنسەن.

— ئۇلار نېمىشقا قالقان ئېلىۋالغاندۇ؟ — غەۋۋاسچاق كۆڭلىدە بۇنىڭدا سۇ ئۈزگەندىكى قارشىلىق كۈچى جەزمەن چوڭ بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

— ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق مۇستەھكەم قالقاننى بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى ھازىرلا چۈشىنىپ قالىسەن.

بايا كەركىدان بېلىقلارغا ھۇجۇم قىلغان بېلىقلار بولسا كېرەك، بوكا بىر توپ چوڭ بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندى.

قالقان بېلىقلار قېچىش تۇگۇل، ئەكسىچە قالقانلىرىنى تىرىگىنىچە ئۇلارغا قاراپ ئۈزدى.

بۇنىڭ بىلەن غەۋۋاسچاق كارامەت بىر جەڭ كارتىنىسىنى كۆردى: چوڭ بېلىقلار گەرچە قالقان بېلىقلارنى قىستاپ چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئالدىدىكى بۇ مەززىلىك غىزالارغا قاراپ تۇرۇشتىن



www.uyghurkitap.com

باشقا ئىلاج قىلالمىدى.

— يەنىلا بىرنى يەۋەتتى، — دېدى غەۋۋاسچاق خورسىنىپ.

— ئەمما بۇ چوڭ بېلىقمۇ هايات قالمايدۇ.

غەۋۋاسچاق بوكانىڭ سۆزىنى دەماللىققا چۈشىنەلمەي، ئېنىق سوراي دەپ تۇرۇشىغا، هېلىقى بېلىق ئازابلىق تولغىنىپ، قورسىقى يېرىلىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ يۇتۇۋەتكەن قالقان بېلىق قالقىنىنىڭ شەمشەردەك ئۆتكۈر گىرۋەكلىرى بىلەن چوڭ بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىۋەتكەنىدى.



# غەلتە بېلىق

غەۋۋاسچاق دېلفىن لۈلۈنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ دېلفىننىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭىزنى ساياھەت قىلىشنى ئويلايتتى.

— غەۋۋاسچاق، بىز بېرىپ دېلفىن لۈلۈنى تاپايلى، — پېرىپال بېلىقى بوكا ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، غەۋۋاسچاق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلىدە نېمىنى ئويلىسا، ئۇ شۇنى بىلەلەيتتى.

لولۇنى ئىزدەش جەريانىدا ئۇلار نۇرغۇنلىغان غەلىتە بېلىقلارنى ئۇچراتتى.

بىر خىلى، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز سانتىمېتىرچە، تېنى ياپىلاق، بەدىنىدە نۇرغۇن تەڭگىچىلىرى بار بېلىق، بۇ بېلىقنىڭ ئېغىزى ۋە بۇرنى توشقاننىڭكىگە ئوخشايتتى، ئىسمى توشقان بېلىق ئىدى. ئۇنى ئوماق بېلىق ئىكەن دەپ قالماڭ، دۇمبە ۋە كۆكرەك پالاقچىلىرى زەھەرلىك، سانجىلىپلا كەتسە چىدىغۇسىز ئاغرىيدۇ.

بىر خىلى، پېگاسۇس بېلىقى دېيىلىدىغان كىچىك بېلىق، تېنى تەكشى ياپىلاق، بېشى بۇرتۇپ چىققان، قۇيرۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، تېنىنىڭ سىرتىدا دانە ـ دانە سۆڭەك تاختىسى بار، كۆكرەك پالاقچىسى قاناتقا ئوخشاش ئوڭ ـ سولغا يېيىلغان، قورساق پالاقچىسى هاشاراتنىڭ پۇتىدەك ئىنچىكە ئىدى. قارىماققا پەرۋانىگىمۇ، يىڭناغۇچقىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

يەنە بىر خىلى ، ئۇزۇنلۇقى ئون نەچچە سانتىمېتىرچە كېلىدىغان قارىغاي مەدىكى بېلىقى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سېرىق رەڭلىك يىرىك قاسراقلار بىلەن قاپلانغان، قاسراقلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىدە تىكىنى بار ئىدى، گويا قارىغاي مەدىكىگىلا ئوخشايتتى. بۇ خىل بېلىق



يەنە قەدىمكى زاماندىكى دۇبۇلغا ــ ساۋۇتلۇق سامۇرايغا ئوخشايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ «سامۇراي بېلىق» دېگەن يەنە بىر ئىسمىمۇ بار ئىدى.

پايانسىز دېڭىزدا غەلىتە نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ !

غەۋۋاسچاق يول بويى ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە بېلىقلارنى كۆرۈپ مېڭىپ، يەنە دېڭىز ئاستىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى.

— بوكا، ئاۋۇ يەردە ئۇچ پۇتلۇق بىر بېلىق ئۆرە تۇرىدۇ. ئۇ مەن كىنولاردا كۆرگەن قەدىمكى دەۋردىكى داڭقان ياكى ئىسرىقدانغا ئوخشايدىكەن.

— ئۇنداقتا جەزمەن داڭقان پۇت بېلىق.

ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان غەۋۋاسچاق داڭقان پۇت بېلىققا يېقىنلاپ باردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ھەقىقىي پۇت ئەمەس ، بەلكى بىر جۈپ كۆكرەك پالاقچىسى بىلەن قورساق پالاقچىسى ئىدى. بۇلار ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ ئېگىلمەيتتى. داڭقان پۇت بېلىق دېڭىزدا ئۈمىلەپ ماڭالايتتى ۋە





سەكرىيەلەيتتى.

— سىلەر كىم؟ — سورىدى داڭقان پۇت بىلىق.

— داڭقان پۇت بىلىقلار ئەما بولىدۇ، — دىدى بوكا، — ئۇلار ئەۋلادمۇئەۋلاد چوڭقۇر دىڭىزدىكى قاراڭغۇلۇقتا ياشىغاچقا كۆزى رولىنى يوقاتقان.

— ئۇ كۆرەلمىسە بىزنى قانداق بايقاپ قالغاندۇ؟

— داڭقان پۇت بىلىقنىڭ پالاقچىلىرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەزاسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سەزگۇ ئەزاسى، ئۇزۇن، ئىنچىكە پالاقچىلىرىدا نۇرغۇن نىرۋا ئۇچلىرى بار، داڭقان پۇت بىلىق پالاقچىلىرىنى كۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئەتراپىدىكى مۇھىتنى كۆزىتىدۇ، يىمەكلىك تۇتىدۇ، ھەتتا كۇشەندىلىرىنى بايقايدۇ، — دىدى بوكا.

ھەممىلا داڭقان پۇت بىلىقلىرى ئاق رەڭلىك ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈن نۇرى



كۆرمىگەنلىكىدىن بولغانىدى.

— چاشقان ! — غەۋۋاسچاق ئايىغى ئاستىدا بىر «چاشقان»نىڭ ئۆملەپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئۇ دېڭىزدىمۇ چاشقان بارلىقىغا ھەيران قالدى.

— دېڭىزدا نەدىمۇ چاشقان بولسۇن؟ ئۇ دېگەن چاشقان بېلىق ! — دېدى بوكا كۇلۇپ تۇرۇپ.

غەۋۋاسچاق سىنچىلاپ قارىدى. بۇ بېلىق ھەقىقەتەن چاشقانغا ئوخشايتتى. كۇل رەڭ سېرىق تېنىدە قارا رەڭلىك داغلار بار ئىدى، پالاقچىسى ۋە قۇيرۇقى ئالىيېشىل، ئىككى كۆزى خۇددى يىڭنە مىخنىڭ بېشىدەك كىچىك ئىدى. ئۇ كۆكرەك پالاقچىسىنى پۇت ئورنىدا ئىشلىتىپ دېڭىزدا ئۆملەپ ماڭاتتى.

www.uyghurkitap.com

غەۋۋاسچاقنى بايقاپ قالغان چاشقان بېلىقنىڭ قورسىقى بىردىنلا ھىدروگېن شارىدەك يوغىناپ، سۇ يۈزىگە تىك ئۆرلىدى.

— نېمە، ئۇ تېخى ئۆزگىرەلەمدا؟ — غەۋۋاسچاق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دېڭىز يۈزىگە چىقتى، — ئەجەب كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — غەۋۋاسچاق ئەتراپنى ئىزدىدى، ئەمما چاشقان بېلىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. غەۋۋاسچاق ھەرىكىتى ئاستا چاشقان بېلىقنىڭ بۇنداق ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

قاراڭغۇ دېڭىز ئاستىدىن ئۈزۈپ چىققان غەۋۋاسچاققا دېڭىز يۈزى ئادەتتىن تاشقىرى ئىللىق ۋە يورۇق تۇيۇلۇپ كەتتى.

يۇملاق تەخسىگە ئوخشايدىغان بىر نەرسە قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرەتتى. بىر دېڭىز چايكىسى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئارام ئالماقچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا قونۇشىغا، ئۇ نەرسە ئۆرۈلۈپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن دېڭىز چايكىسى قاناتلىرىنى پالاقشىتقىنىچە ئۇچۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن غەۋۋاسچاق ئۆزىنى



تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە ئىش بولدى، شۇنچە خۇش بولۇپ كەتكۈدەك؟ — دەپ سورىدى بوكا.

— مەن بىر دېڭىز چايكىسىنى كۆردۈم، — غەۋۋاسچاق تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى، — ئۇ بىر تەخسىگە ئوخشايدىغان نەرسىگە قونماقچى بولۇۋىدى، نەتىجىدە ئۇ نەرسىنى دەسسەپ ئۆرۈۋېتىپ، قورقىنىدىن ... ھا - ھا - ھا...

— ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى بىر بېلىق بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداقمۇ بېلىق بولامدۇ؟ — غەۋۋاسچاق ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى.

— ئاجايىپ - غارايىپلار كۆپ بۇ دېڭىز - ئوكياندا قانداق بېلىق يوق؟ — دەپ سورىدى بوكا قايتۇرۇپ.

غەۋۋاسچاق تەخسىگە ئوخشايدىغان نەرسە لەيلەپ تۇرغان يەرگە باردى. ئۇ پەقەت بېشى بار، ئەمما بەدىنى ۋە قۇيرۇقى يوق بىر چوڭ بېلىقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.







— ۋاي – ۋوي بوكا، — ئەسلىدە بۇ بېلىق بوكانى تونۇيتتى، — بايا مەن بەكلا قورقۇپ كەتتىم !

— سېنى شۇنچە قورقۇتۇۋەتكەن نېمە ئۇ؟

— بايا يانچە يېتىپ ئاپتاپسىنىۋاتسام، ئاق رەڭلىك بىر قۇش ئۇستۇمگە ئۇچۇپ كېلىپ قورقۇتۇۋەتتى، شۇڭا ئاپتاپسىنالمايۋاتىمەن. هەي، كۈن نۇرى بەك پەيزى ئىدى – دە !

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كۇلۇشۇپ كەتتى. ئەسلىدە بايىقى تەخسىگە ئوخشايدىغان نەرسە دەل بۇ چوڭ بېلىق ئىدى. بوكا ئۇنى ئايبېلىق دېدى.

ئايبېلىقنىڭ تۇرقى ئىنتايىن غەلىتە ئىدى. يوغان بېشىدىكى



ئادەتتىن تاشقىرى كىچىك كۆزى ۋە ئېغىزى ئۇنى تولىمۇ غەلىتە ۋە ئوماق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بەدەن كەڭلىكى ئۇزۇنلۇقىدىن چوڭ بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ بەش مېتىر كېلەتتى. تېنىنىڭ ئاياغ تەرىپىنىڭ بەل ۋە قورسىقىدىكى ئۇزۇن پالاقچىلىرى ئۆزئارا سىممېتىرىيەلىك ئىدى. ئۇستۇنكى پالاقچىسى ئۇچ بۇلۇڭ شەكىللىك «يەلكەن»گە ئوخشىسا، ئاستىنقى پالاقچىسى كېمە پالىقىغا ئوخشايتتى. تېنىنىڭ ئايىغى خۇددى قىيىپ ياسالغان جىيەكتەك بولۇپ، بۇ رۇدمېنتلاشقان قۇيرۇق پالاقچىسى ئىدى.

— ئايبېلىق دېڭىز - ئوكياندىكى تۇخۇم تۇغۇش پادىشاھى! — دەپ تونۇشتۇردى بوكا غەۋۋاسچاققا پەخىرلەنگەن ھالدا، — بىر ئايبېلىق ئۇچ يۇز مىليون دانە تۇخۇم تۇغالايدۇ.

— ئۇچ يۇز مىليون؟ — غەۋۋاسچاق كاللىسىدا ھېسابلاپ بولالماي قالدى، — ئۇنداقتا، دېڭىزدا ئايبېلىق بەك كۆپتۇ - ھە!

— دەل ئەكسىچە، — دېدى ئايبېلىق، — بىز ئايبېلىقلار دېڭىز - ئوكياندىكى ئەتىۋارلىق ھايۋان، سانىمىز بەكلا ئاز!

— شۇنداق، — دېدى بوكامۇ، — بۇگۇن ئايبېلىقنى كۆرەلىگىنىڭ تەلىيىڭ، مەن دېڭىزدا يۇرگىلى شۇنچە ئۇزاق بولدى، ئۇنى كەمدىن - كەم ئۇچرىتىمەن.

— تۇخۇم تۇغۇش پادىشاھى تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقسىغا ئەتىۋارلىق بولۇپ قالىدۇ؟ — غەۋۋاسچاق قايمۇقۇپ قالدى.

— بىزنىڭ تۇخۇمىمىز شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇقلىنىدىغىنى ئاز. بېلىقجانلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى

www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن تۆۋەن، بوران ـ چاپقۇنلۇق دېڭىز ـ ئوكياندا ھايات قالىدىغانلىرى بەك ئاز، بەكلا ئاز. شۇڭا بىز پەقەت كۆپ تۇغساقلا، نەسلىمىز قۇرۇپ قالمايدۇ، — دېدى ئايبېلىق.

ئايبېلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەۋۋاسچاق ئېغىر خورسىندى. ئۇنىڭدەك ھەرىكىتى ئاستا، قوغدىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن بېلىقلارنىڭ ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە يەم بولىدىغان پايانسىز دېڭىز ـ ئوكياندا ھايات قالىشى نەقەدەر مۈشكۈل ـ ھە !





## چىرايلىق قىلتاق

غەۋۋاسچاق دېڭىزدىكى كاۋاك ئىچلىك ھايۋان مېدۇزىنى ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇنىڭدىن قورقاتتى. ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن، قورقۇشى ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ئىدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا يىراقتىن شەپەقتەك چاقناۋاتقان سىئانېيەنى تاماشا قىلىۋاتاتتى.

بۇ غايەت زور سىئانېيە دىيامېتىرى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان زور كۇنلۇكنى كۆتۈرگىنىچە دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرەتتى. ئەتراپقا يېيىلغان، نەچچە ئون مېتىر كېلىدىغان سەزگۈ قوللىرى سۇ ئېقىنىغا ئەگىشىپ لەرزان تەۋرەنمەكتە ئىدى. ئۇ قىزىل ئارىلاش كۆك رەڭدە بولۇپ، ئاندا - ساندا سۇس يېشىل رەڭلىك نۇر تارقىتىپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

سىئانپىيە شۇنچە ئۇز ۋە رەڭدار بولسىمۇ، بارلىق بېلىقلار ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشاتتى. پەقەت بىرنەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر خىل بېلىقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىمالال ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلار سىئانپىيەدىن قورقمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئاۋۇ باتۇر بېلىقلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدى غەۋۋاسچاق بوكادىن، — سەن ئاچ كۆز مېدۇزا ھەرقانداق بېلىقنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ دېمىگەنمىدىڭ؟ نېمىشقا ئۇ بېلىقلارنى يېمەيدۇ؟

— مەنمۇ ئانچە ئېنىق بىلمەيمەن.

بوكا مېدۇزىدىن قورققاچقا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشمايتتى. شۇڭىمۇ ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن ئۇنىڭ ئانچە خەۋىرى يوق ئىدى.

سىئانپىيەنىڭ يېنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقچانلاردىن بىرسى ئۇلارنىڭ يېنىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈزۈپ كەلدى.

— ھەي، ياخشىمۇ سىلەر! ئىسمىم كىچىك چوپان بېلىق.

— ياخشىمۇ سەن كىچىك چوپان بېلىق، — دېدى بوكا جاۋابەن، — مەن پىرىپال بېلىقى بوكا، بۇ مېنىڭ دوستۇم غەۋۋاسچاق.

— سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — كىچىك چوپان بېلىق تولىمۇ قىزغىن ئىدى، — يۇرۇڭلار، ئۆيۈمگە بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار.

— ئۆيۈڭ؟ — غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا قايمۇقۇپ قالدى.



— سىنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟

— ئەنە ئاۋۇ يەردە، — كىچىك چوپان بېلىق سىئانىيەنى كۆرسەتتى، — ئاۋۇ يۇمىلاق گۇمبىزى، ئاستىدا رەڭلىك لېنتىسى بار، لەيلەپ تۇرغان جاي مېنىڭ ئۆيۈم.

— سىئانىيە قانداقسىغا كىچىك چوپان بېلىقنىڭ ئۆيى بولسۇن؟ — غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا ئىنتايىن ھەيران قالدى.

— ئىشەنمەمسىلەر ! — كىچىك چوپان بېلىق ئۇلارنى يەنمۇ قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى، — بېرىپ كۆرۈپ باقساڭلار ئۆيۈمنىڭ نەقەدەر چىرايلىق ۋە رەڭدارلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر.

— بارمايمىز، بارمايمىز ! — غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كەينىگە داجىدى، — بارساق جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز.

— ھىم، توخۇ يۈرەكلەر ! — كىچىك چوپان بېلىق دىمىقىنى قاققىنىچە كېتىپ قالدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كېتەيلى دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىر توپ كىچىك چوپان بېلىقلىرى ئۈزۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىرقانچە چوڭ بېلىق ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

كىچىك چوپان بېلىق ئۇدۇل سىئانىيەنىڭ يېنىغا باردى، بىر نەچچە چوڭ ئەخمەق بېلىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى كىچىك چوپان بېلىق سىئانىيەنىڭ سەزگۈ قوللىرى ئىچىگە ئۈزۈپ كىردى. ھېلىقى بېلىقلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاربلىقتا غايىب بولدى.

بىر ئازدىن كېيىن كىچىك چوپان بېلىق خۇشال هالدا سىئانېيەنىڭ سەزگۈ قوللىرى ئارىسىدىن ئۈزۈپ چىقتى.

ئەسلىدە كىچىك چوپان بېلىق سىئانېيەنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. هېچكىمنى بوش قويۇۋەتمەيدىغان سىئانېيەنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇشى بىكار ئەمەس ئىدى.

غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا كىچىك چوپان بېلىقنىڭ يەنە كېلىپ ئۆزلىرىگە يېپىشقۇلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ خەتەرلىك جايدىن ئايرىلدى.

— كىچىك چوپان بېلىق بىلەن سىئانېيەنىڭ مۇناسىۋىتى سېرىق پالاقلىق بېلىق بىلەن تاجلىق دېڭىز كىرپىسىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدىكەن، ئەمما سېرىق پالاقلىق بېلىق تاجلىق دېڭىز كىرپىسىنى ئۆزىگە پاناھ جاي قىلىدۇ.

— تاجلىق دېڭىز كىرپىسى قانداق بولىدۇ؟ سېرىق پالاقلىق بېلىق قانداق بولىدۇ؟ تاجلىق دېڭىز كىرپىسى نېمە



ئۈچۈن سېرىق پالاقلىق بېلىقنىڭ پاناھ جايى بولۇشنى خالايدۇ؟ — غەۋۋاسچاق بوكاغا سوئاللىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— بۇنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، يەنىلا سېنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، — دېدى بوكا.

تاجلىق دېڭىز كىرپىسىنىڭ تېنى ناھايىتى چوڭ، قىزغۇچ قارامتۇل رەڭلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ تىكىنى ئۇچلۇق ھەم ئۇزۇن، يەنە تېخى زەھەرلىك. دېڭىز - ئوكياندىكى بارلىق سېرىق پالاقلىق بېلىقلار تاجلىق دېڭىز كىرپىسىنىڭ تىكىنىنى ئۆيى قىلىۋالىدۇ. ھەربىر تاجلىق دېڭىز كىرپىسىگە بىر توپ سېرىق پالاقلىق بېلىق ھەمراھ بولىدۇ.

— تاجلىق دېڭىز كىرپىسى نېمىشقا پەقەت سېرىق پالاقلىق بېلىقنىلا يارىلاندۇرمايدۇ؟

— چۈنكى سېرىق پالاقلىق بېلىق تاجلىق دېڭىز كىرپىسىنىڭ تېنىدىكى كىچىك جانلىقلارنى شوراپ تازىلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، تاجلىق دېڭىز كىرپىلىرى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەيلا قالماستىن، بەلكى تىكەنلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا بىر ياققا يىغىپ، سېرىق پالاقلىق بېلىقلارنىڭ ئەتراپىدا ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى، سېرىق پالاقلىق بېلىقنىڭ رەڭگى تاجلىق دېڭىز

كىرپىسىنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىپ ئۆزگىرىدۇ، ھاۋا رەڭگە ئۆزگىرىپ تاجىلىق دېڭىز كىرپىسىنى ئاجايىپ چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزىدۇ، يەنى سۈس قىزغۇچ قارامتۇل ئارقا كۆرۈنۈشتىكى تىكەنلەر ئارىسىدا سۈس كۆك ۋە قېنىق كۆك رەڭلىك چېكىتلەر چاقناپ تۇرىدۇ.

— قۇتقۇزۇڭلار، قۇتقۇزۇڭلار !

ياردەم سوراپ توۋلىغان ئاۋاز بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلاندى. غەۋۋاسچاق بىلەن بوكا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئۈزدى، بىر كىچىك بېلىق شەكلى ئاپتاپپەرەسكە ئوخشايدىغان «گۈل بەرگى»دە تېپچەكلەۋاتاتتى.

غەۋۋاسچاق ئېتىلىپ بېرىپ بېلىقنى قۇتقۇزماقچى بولۇۋىدى، بوكا ئۇنى توسۇۋالدى:

— بارما، ئۇ دېڭىز ئاپتاپپەرەسى.

دېڭىز ئاپتاپپەرەسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ غەۋۋاسچاق بىرىشقا





جۇرئەت قىلالمىدى. بايىقى ۋارقىراپ جان تالىشىۋاتقان بېلىق ئۈن ـ تىنسىزلا غايىب بولدى. كۆرۈنۈشىدە زىيانسىز، ئاجىز بىر گۈل دېڭىز سۈيىدە چايقالغىنىچە گۈزەل قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

دېڭىز ئاپتاپپەرىسىنىڭ 48 تال تەتۈر تىكەنلىك سەزگۈ قولى بار. ئۇ قوللىرىنى تېنىنىڭ مەركىزىدىن ئەتراپقا نۇر شەكلىدە يايىدۇ. سەزگۈ قولىدىكى تىكىنى زەھەرلىك يىپسىمان تالا تارقىتىدۇ. ھەرقانداق ھايۋان دېڭىز ئاپتاپپەرىسىگە يېقىنلاشقان ھامان ئۇ دەرھال يىپسىمان تالا قويۇپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى سەزگۈ قوللىرىنى يىغىپ، ئولجىسىنى ئورىۋالىدۇ.

دېڭىز ئاپتاپپەرىسىنىڭ سەزگۈ قوللىرى ئارىسىدىن رەڭگى ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بىرقانچە كىچىك بېلىق ئۈزۈپ چىقتى.

— ئۇلارغا ئەگىشەيلى! — دېدى بوكا، غەۋۋاسچاق دەرھال ئۇلارغا ئەگەشتى.

— نېمىشقا بۇ كىچىك بېلىقلارغا ئەگىشىمىز؟

— بۇ بېلىقلار قوش ھەرە چىشلىق بېلىق دېيىلىدۇ، — دېدى بوكا، — ئۇلارغا ئەگىشىشىمىزدىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ دېڭىز ئاپتاپپەرىسى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش. سېنىڭچە بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوقمۇ؟

— ئەھمىيىتى بار! — غەۋۋاسچاق بۇنىڭغا بوكادىنمۇ بەكرەك قىزىقاتتى.

قوش ھەرە چىشلىق بېلىق ئەتەي بېلىق كۆپ جايغا قاراپ ئۈزدى. ئۇلارنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگى دەرھال نۇرغۇن بېلىقلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، بېلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلارغا قاراپ ئۈزدى.

قوش ھەرە چىشلىق بېلىقلار دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دېڭىز ئاپتاپپەرىسىگە قاراپ ئۈزدى.

ئالدانغان بېلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قىلتاقتا چۈشكەنلىكىنى بىلمەي، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ئوماق كىچىك بېلىقلارنى قوغلىدى.

قوش ھەرە چىشلىق بېلىق دېڭىز ئاپتاپپەرىسىنىڭ سوزۇلغان سەزگۈ قوللىرى ئارىسىغا ئۈزۈپ كىردى. تۇيۇقسىز يىغىلغان سەزگۈ قوللار قوغلاپ كەلگەن ھېلىقى بىرقانچە بېلىقنى ئورىۋالدى.

— ھەي ! — بوكا ئۇھسىندى، — ئۇلارنىڭ گۈزەللەرنى ياخشى كۆرۈشى جانلىرىغا زامىن بولدى.

— بۇنىڭ بىر چىرايلىق تۇزاق ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ — بۇ ساھىبجاماللارنىڭ سۇيىقەستى غەۋۋاسچاقنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى.



بۇ كىتاب خۇبېي ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2011 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2011 - يىل 1 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社2011年1月第1版，2011年1月第1次印刷本翻译出版。



# قالتىس ئاتا بېلىق

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەتجان ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5
نەشرى: 2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2012 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 15496 - 8
باھاسى: 25.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-228-15496-8

定价：25.00 元